# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۆمەرخەييام رۇبائىيلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据核字

我默·海亚谟柔巴依集:维吾尔文/(波斯)海亚漠著;穆罕默德·乌斯曼整理.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2000.10 (2008.7重印)

ISBN 978—7—5373—0793—2

Ⅰ.莪... Ⅱ.①海...②穆... Ⅲ.诗歌—作品集—波斯帝国—中世纪—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I373.22

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第087902号

# 莪默·海亚谟柔巴依集

穆罕默德·乌斯曼整理

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/64开本 2.4375印张 2插页
2000年8月第1版
2008年7月第2版 2008年7月第1次印刷
印数:3110 —— 6190 定价:6.00元



ئۆمەر ھەييامنىڭ قەبرىسى




ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ 1207 - يىلىدىكى قولىيازما
نۇسخىسىنىڭ باش ۋارىقى.

# نەشرىياتتىن

دۇنيا ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ئۇزاق يىل تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆمەر ھەييامنىڭ دەپ بېكىتىلگەن 200 پارچە رۇبائىي تاللاپ كىرگۈزۈلگەن «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتاب شاھ ئىسلام شاھ مۇھەممەدوۋنىڭ پارسچىدىن تەرجىمە قىلىشى بىلەن غاپۇر غولام تەھرىرلىكىدە ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 - يىلى تاشكەنتتە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىنغان. پېشقەدەم تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئوسمان بۇ كىتابنى 1958 - يىل تاشكەنت نەشرى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان ۋە مەخسۇس تېمىدا ئوبزور يازغان.

ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالەمگە مەشھۇر رۇبائىيلىرى بىر ئەسىر مابەينىدە دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارغا كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. لېكىن، تەكشۈرۈش - سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆمەر ھەييامنىڭ دەپ بېكىتىلگەن رۇبائىيلارنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە نەشرگە تەييارلىنىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، بۇ، ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ئىبارەت دۇنياۋى تېما توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى توغرا ئىزغا سېلىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە، تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قېتىمقى نەشرى مەرھۇم شائىر نۇرمۇھەممەت ئىركى تەرجىمە قىلغان، پېشقەدەم تەرجىمشۇناس توختى باقى تەھرىرلىكىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»ناملىق كىتابقا

سىلىشتۇرۇلدى ھەمدە ئىككى مەنبەدىكى ئوخشاش رۇبائىيلارنىڭ تىل، ۋەزىن، قاپىيە ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇدىر مۇھەررىرى، شائىر تاھىر تالىپ ۋە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، پېشقەدەم شائىر ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن ئەپەندىلەر قىزغىن ياردەملەشتى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل سەۋىيىسى، جۈملىدىن تىل، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىق بەدىئىي ئامىللىرىدىكى ئەينەنلىكىنى ساقلاشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ، پارسچىدىن تەرجىمە قىلىشنى ئاساس، ئۆزبېكچىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشنى قوشۇمچە قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل - يېزىقىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە نەشرگە تەييارلىغانلىقى ئۈچۈن،

ئاز - تولا بەدىئىي چەكلىمىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، بەزى رۇبائىيلارنىڭ بوغۇم، ۋەزىنلىرىدە ئېگىز - پەسلىكلەر مەۋجۇت؛ بەزى مىسرالاردىكى ئۆزئارا باغلىنىدىغان سۆز - جۈملىلەر ۋەزىن، بوغۇم ۋە قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن جانلىق تەرجىمە قىلىنىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا ماسلاشتۇرۇلغان. يەنە بەزى رۇبائىيلاردىكى ئۇدا قاپىيىلەر، ياكى 1 - ، 2 - ، 4 - مىسرادىكى قاپىيىلەر بىردەك توق قاپىيىدە كېلەلمىگەن. شۇ ۋەجدىن، ئايرىم مىسرالاردىكى سۆز - ئىبارە ياكى قاپىيىلەرگە ئەسلىي سۆز ئىشلىتىلىپ، بەت ئاستى ئىزاهات بېرىلگەن ۋە باشقىلار. بۇ خىل بەدىئىي يېتەرسىزلىكلەرگە هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەپۇ نەزىرى بىلەن قارىشىنى، بىلىپ - بىلمەي كېتىپ قالغان مەسىلىلەرگە قارىتا تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2000 - يىل 7 - ئاي

# مۇندەرىجە

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ...................... 1
ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ......... 101

# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

## 1

دۇنيانىڭ تىلىكى — مېۋىسىدۇرمىز ،
ئەقىل كۆز قارىسى — جەۋھىرىدۇرمىز .
يۇملاق جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك ،
شەكسىز شۇ ئۈزۈكنىڭ گۆھىرىدۇرمىز .

## 2

گەر ئۆلۈم دەپتىرى قولۇمغا ئۆتسە ،
يازاتتىم مەن ئۇنى قىلىپ باشقىچە .
دۇنيادىن قايغۇنى يوقىتالىسام ،
غۇرۇردىن كۆلەتتىم تازا تاشقىچە .

## 3

زامانىنىڭ سىرىنى بىلمەس ھېچ ئادەم ،
بۇ تۈگۈن يېشىلمەس سەندە ، مەندە ھەم .
پەردىنىڭ ئىچىدە تۇرار بارچە سىر ،
بۇ پەردە ئېچىلسا ، تۇرمايمىز بىردەم .

## 4

مەيپەرەس دېسەڭلار ، خۇددى ئۆزۈمەن ،
پاسىق مەست دېسەڭلار ، خۇددى ئۆزۈمەن .
سىرتىمغا قاراپلا ھۆكۈم قىلماڭلار ،
تازا پەس دېسەڭلار ، خۇددى ئۆزۈمەن .

## 5

دېيشەر : جەننەتتە ھۆر ، كەۋسەر بارمىش ،
ئېرىقتا مەي ، شېكەر ، سۈتلەر ئاقارمىش .
قەدەھنى تولدۇرۇپ قولۇمغىلا بەر ،
مىڭ نېسى تەمىدىن بىر نەق ئاشارمىش .

## 6

باش ئەگمە بۇ دۇنيا ئەسلىدىن پەرياد ،
ئۆتكەنلەر غېمىنى قىلمىغىن سەن ياد .
دىل بەرمە بوستان چاچ ھۆردىن بۆلەككە ،
ئۆمرۈڭنى شارابسىز قىلمىغىن بەربات .

## 7

بارلىق ۋە يوقلۇققا قاراتقۇچى سەن ،
دۇنيادا ھەر ئىشنى تاراتقۇچى سەن .
مەن يامان بولساممۇ سېنىڭ بەندەڭمەن ،
مەن نېچۈن گۇناھكار ؟ ياراتقۇچى سەن !

## 8

كوزىچى كوزىنى پەيدا قىلىدۇ ،
سەنئىتى كىشىنى شەيدا قىلىدۇ .
ئاندىن ئۇ تەندىكى كاللا جامىنى
تولدۇرۇپ ، توختىماي غوۋغا قىلىدۇ .

## 9

ئۆمرۈك قاچانغۇچە ئۆزۈم دەپ ئۆتەر ،
بار ـ يوقلۇق ئىلكىدە كەزدىم دەپ ئۆتەر .
ئىچۋال ، بۇ ئۆمۈر قايغۇدا ئۆتكەچ ،
ئۇيقۇ ۋە مەستلىكتە بىردەمدەك ئۆتەر .

## 10

قىلمىغىن شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى ياد ،
كەلمىگەن ئەتىگە قىلمىغىن پەرياد .
ئۆتكەنگە ، ئەتىگە قايغۇرماقنى قوي ،
خۇشال ئۆت ، ئۆمرۈڭنى ئەيلىمە بەربات .

## 11

دەيدۇ : جەننەتتە ھۆر بولمىقى ياخشى ،
ماڭا ئۆزۈمنىڭ يار - بۇلىقى ياخشى .
ھەرقاچان نېسىدىن نەقراقى ياخشى ،
ناغرا تىڭشىنىڭ ئۇزاقى ياخشى .

## 12

ئەزەلدە لېيىمنى ئەتكەندە خۇدا ،
بىلەتتى پەيلىمدىن نىم بولار پەيدا .
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم ،
نېمىشقا مەھشەردە بېرىدۇ جازا ؟

## 13

سەن ـ مەندىن بۇرۇنمۇ تۇن ـ كۈن بار ئىدى،
ئايلانغان پەلەكمۇ پۈتۈن بار ئىدى .
تۇپراققا ھەرقاچان ئاۋايلاپ دەسسە ،
ئۇ ئەسلىي قارا كۆز بىر نىگار ئىدى .

## 14

جېنىمىز بۇ تەننى تەرك ئېتىپ كېتەر ،
ئىككى خىش قەبرىنىڭ ئاغزىنى ئېتەر .
باشقا بىر قەبرىگە خىش قويماق ئۈچۈن
بىزنىڭ توپىمىزدىن ئېزىپ لاي ئېتەر .

## 15

ئىچكەندە ئەقىلدىن بىگانە ① بولما،
ئازغىشىپ يامانغا ھەمخانە ② بولما.
ئويلىساڭ قىزىل مەي ھالال بولسۇن دەپ،
ھېچكىمنى رەنجىتمە، ئەپسانە بولما.

## 16

بىزلەر قونچاقۇ، پەلەك قونچاقباز،
بۇ سۆزۈم چىن سۆزدۇر، ئەمەستۇر ماجاز ③.
يوقلۇق خانىسىگە بىر - بىر كېتىمىز،
ۋۇجۇد پالاسىدا ئوينىغاچ بىرئاز.

---

① بىگانە ــ يات، يوچۇن، نامەلۇم، تونۇش ئەمەس.
② ھەمخانە ــ بىر ئۆيلۈك، دوست، يولداش.
③ ماجاز ــ كىنايە، ئەستەرلىك گەپ، چاقچاق گەپ.

## 17

ھەر سرنى دىلىدا ساقلىسۇن دانا ،
يوشۇرۇن بولسۇن ئۇ ، مىسالى ئەنقا ① .
سەدەپنىڭ ئىچىدە تامچە دۇر ② بولار ،
سىر قىلىپ قەلبىدە يوشۇرغاچ دەريا .

## 18

ئاقىل دەپ مىنى ھەم ئازغاشتى دۇشمەن ،
خۇداغا ئىنىقكى ، ئۇنداق ئەمەسمەن .
ھەتتا شۇ قايغۇلار ئۆيىگە كەلسەم ،
ئۆزۈمگە مۆلچەردىن شۇنچىلىك كەممەن .

① ئەنقا — ئەپسانىۋى قۇش ، سۇمۇرغ .
② دۇر — ئۈنچە - مەرۋايىت ، گۆھەر ، چىنتاش .

## 19

بۇ كوزا مېنىڭدەك ئاشىق ـ زار ئىدى ،
سۆيگىنى قارا چاچ بىر نىگار ئىدى .
كوزىنىڭ دەستىسى ـــ سېپى بىر مەھەل
قول ئىدى ، يار سۆيۈپ بەختىيار ئىدى .

## 20

يارەببىم ، لېيىمنى ئەتكەن ئۆزۈڭسەن ،
ئۆرۈش ـ ئارقىقىمنى ئەشكەن ئۆزۈڭسەن .
يامان ـ ياخشى بولسام مەندە نە ئىلاج ؟
تەقدىر ـ پېشانەمنى بەرگەن ئۆزۈڭسەن .

## 21

هەي ئاللا ، سەن شۇنداق ياراتتىڭ مېنى ،
مەي بىلەن سازغىلا قاراتتىڭ مېنى ،
ئەزەلدە ئاشۇنداق يارىتىپ قويۇپ ،
نېمىشقا دوزاخقا غۇلاتتىڭ مېنى ؟

## 22

مەسچىت ۋە بۇتخانا قۇللۇق دېمەكتۇر ،
قوڭغۇراق ، مۇناجات قۇللۇق دېمەكتۇر .
مېھراب ۋە چېركاۋلار ، تەسۋى ۋە كرىست ،
بارچىسى نىشانە ، قۇللۇق دېمەكتۇر .

## 23

پەلەككە تەگرىدەك بولسام ھۆكۈمران ،
قىلاتتىم پەلەكنى چىقىپ مەن گۇمران .
يېڭىدىن شۇنداق بىر دۇنيا تۈزەتتىم ،
ياخشىلار تىلەككە يېتەتتى شۇئان .

## 24

كۇلال دۇكىنىغا كىردىم بىر سەپەر ،
دەستىگاھدا ئىكەن ئۇستا ــــ كوزىگەر .
گادايىنىڭ قولىدىن ، شاھنىڭ بېشىدىن ،
كوزىنىڭ بوينى ۋە سېپىنى ئېتەر .

## 25

مەسچىتكە بىر مەقسەت بىلەن كەلگىنىم —
ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس ، راست گېپىم .
جايناماز ئوغرىلىغان ئىدىم ، ئەسكىپتۇ ،
يېڭىنى مۆلچەرلەپ كەلدىم بۇ قېتىم .

## 26

ئەي مۇپتى ، سەندىن بىز ئىشچانراقتۇرمىز ،
قارا مەست بولساقمۇ ھوشىيارراقتۇرمىز .
بىز تەك قېنى ئىچمىز ، سەن ئادەم قېنى ،
ئىنساپ قىل ، قايسىمىز قانخورراقتۇرمىز .

## 27

بىزلەر بولمىساقمۇ جاھان بولىدۇ ،
بىزلەردىن نە نامۇنىشان بولىدۇ .
بۇرۇن بىز يوق چاغدا يەتمىگەن زەرەر ،
يەنە بولمىساقمۇ ھامان بولىدۇ .

## 28

تۇغۇلدۇم ، پەلەككە يەتتىمۇ پايدا ؟
مەن ئۆلسەم ئابرۇيى ئۆسىمكى قايدا ؟
ھېچ كىشى يېشىپمۇ بېرەلمەي ئۆتتى ،
كېلىش ۋە كېتىشىنىڭ سەۋەبى قايدا ؟

## 29

دوزاخ ۋە جەننەتنى كىم كۆرگەن ، ئەي دىل ،
ئۇ دۇنيا خەۋىرىنى كىم بەرگەن ، ئەي دىل .
قورقۇش ۋە ئۈمىدلەر مەنبەسى بولار ،
نامۇنىشانىنى كىم بىلگەن ، ئەي دىل ؟

## 30

تاڭ پەيتى بولۇپتۇ گۈلنىڭ باغرى چاك ،
گۈل كۆرۈپ شادلاندى بۇلبۇل قەلبى پاك .
شۇ گۈلگە يېقىن تۇر ، چۈنكى شۇنچە تېز
گۈل يەرگە تۆكۈلەر ، بىز بولارمىز خاك .

## 31

بۇ يەرنىڭ يۈزىدە ھەر زەررىكى بار،
بىر زامان ئىدىكى ئاي يۈزلۈك دىلدار.
گۈزەلنىڭ چېچىغا يامىشىپ تۇرغان
گۈزەل بىر يۈز ئىدى بۇرۇن ئۇ غۇبار[1].

## 32

ساق چاغدا مېنىڭدىن خۇشاللىق يىراق،
مەست بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن بىراق.
مەستلىك ۋە ھوشيارلىق ئارىسى — جەريان،
ھايات شۇ، ئاڭا قۇل بولغان ياخشىراق.

---

[1] غۇبار — تۇتۇق - خىرە، چاڭ - توزان.

## 33

مەي بەرگىن ، مەي جامى بولسۇن يوغانراق ،
ئەقلىمنى ، دىنىمنى قىلىپ ئۈچ تالاق ؛
نىكاھلاپ ئېلىپ مەن تەكىنىڭ قىزىنى ،
ئىچەي قوش قەدەھتە ، نەچچە رەت جىقراق .

## 34

مەن شۇنداق ئىچەيكى ، ئۆلسەم ئۇ شاراب ،
پۇرىقى قەبرەمدىن چىقسۇن پۇرقىراپ .
چالا مەست ئۆتسە گەر قەبرەم بېشىدىن ،
ھوشىنى يوقىتىپ ، ئەيلىسۇن خاراب .

## 35

دۇنيادا ئۇلۇغ سۆز — قۇرئان ئوقۇلۇر ،
ئارىلاپ ، قايسىبىر زامان ئوقۇلۇر .
قەدەھنىڭ لېۋىدە بىر ئايەت باركى ،
بۇ ئايەت ھەرجايدا ، ھەرئان ئوقۇلۇر .

## 36

قولۇمدا ھەر مەھەل قەدەھ تۇتقانمەن ،
مەن بارلىق دەپتەرنى ئوقۇپ كۆرگەنمەن .
مەنغۇ بىر ھۆل پاسىق . سەن قۇرۇق زاھىت[1] ،
ھۆل نەرسە كۆيمەيدۇ ، دەپ ئاڭلىغانمەن .

---

① زاھىت — دىندار ، سوپى ، ئىبادەتمەن ، ھارامدىن ساقلانغۇچى .

## 37

مەن ئۆلسەم ، مەي بىلەن يۇيۇشنى كۆزلە ،
يوقلاشتا جام بىلەن شارابتىن سۆزلە .
قىيامەت كۈنىدە تاپماق بولساڭ گەر ،
مەيخانا تۇپرىقى تۈۋىدىن ئىزدە .

## 38

مەستلەرنى تىللىما ، ئىچمىسەڭ ئەگەر ،
غەيۋەتلەر توقۇما ، بولما ھىيلىگەر .
تەمەننا ئەيلىمە ، مەي ئىچمەيمەن دەپ ،
قىلمىشىڭ ئۈنىڭدىن مىڭلارچە بەتتەر .

## 39

شەيخ دېدى پاھىشەگە : « نېمە بۇ ئىشىڭ ،
مەي ئىچىپ ، قولمۇقول قونۇپ يۈرۈشىڭ ؟»
ئۇ دېدى : « مەن شۇنداق ، ئەمما سەن ئېيتچۇ ،
سېنىڭ سىرت شەكلىڭدەك پاكمۇ قىلمىشىڭ ؟»

## 40

ئەي پەلەك ، ناكەسكە بەردىڭ ئاش ۋە نان ،
يەر ـ زېمىن، تۆگمەن ھەم مۇنچا، ئۆي ـ ماكان.
ئەڭ ھالال كىشىلەر بۇردا نانغا زار ،
ئەخلەتكە ئەرزىمەس بۇنىڭدەك دەۋران .

## 41

بەھرام گۆر① كۆتۈرگەن بۇ سارايدا جام،
ئەمدىچۇ، كېيىكلەر ئالىدۇ ئارام.
ئۆمرىدە كېيىكلا ئوۋلىغان ئىدى،
ئەجەلگە كېيىكتەك ئوۋلاندى بەھرام.

## 42

جەننەتتە مەي ۋە ھۆر تەييار تۇرارمىش،
ھەممىسى مول بولۇپ ھازىر بولارمىش.
بىز مەينى، مەشۇقنى سۆيسەك ئەرزىيدۇ،
ئاقىۋەت ھەم شۇنداق زاھىر بولارمىش.

---

① بەھرام گۆر — قەدىمكى ئىران ئەپسانىۋى شاھلىرى-دىن بىرى.

## 43

پەلەكنىڭ بەرمىشى — پەقەت تەشۋىش - غەم ،
بىرىنى كۆتۈرسە ، بىرسىدۇر بەرھەم .
دۇنياغا كەلمىگەنلەر بۇندىن بىخەۋەر ،
بىلسىدى ، دۇنياغا كەلمەس ئىدى ھەم .

## 44

گۈل كۈلۈپ قارىسا ، جامدا مەي ياقۇت ،
بۇلبۇلمۇ مەست بولۇپ قىلمىدى سۈكۈت .
شۋىرلاپ ئېيتتى ئۇ يۈرەك سۆزىنى :
« ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتەر ، پۇرسەتنى چىڭ تۇت».

## 45

شادلىق كىتابىنى بەك ئوقۇش كېرەك ،
دىلدا غەم يانتىقى ئۆسمىسۇن بولەك .
مەي ئىچىپ ئارزۇنى چېچەكلەت دائىم ،
مەلۇمكى ، تېز كېلەر ئۆلۈمدىن دېرەك .

## 46

كىشىلەر بار ئىدى ئوخشار ئاپتاپقا ،
ھەربىرى يار ئىدى ئەقىل ـ ئەخلاققا .
تاپالماي قۇتۇلۇش يولىنى تۈندىن ،
چۆچەكتىن ئىزدەپلا كىردى تۇپراققا .

## 47

دېيىشەر : « مەي ئىچكەن دوزاخقا كىرەر » ،
بۇ گەپكە پۈتمەيمەن ، بۇ يالغان خەۋەر .
ئاشىقلار ، مەيخورلار دوزاخقا كىرسە ،
قۇپقۇرۇق قالامدۇ جەننەت شۇ قەدەر .

## 48

تەڭرى قۇدرىتىدىن ئەتكەندە لىيىم ،
جەننەت يا دوزاختىن قىلغاندۇر جايىم .
بەس ، ماڭا نەق بولسا يار ، چالغۇ ، شاراب ،
باشقىنى خەققىلا بەرگەي خۇدايىم .

## 49

مەي ئىچىپ شادلانماق ئادىتىم مېنىڭ ،
كۈپرى دىن بىلمەسلىك ساپ دىنىم مېنىڭ .
تويلۇقىن سورىسام دۇنيا ئاتلىق قىز :
«شاد بولساڭ،— دېدى،— شۇ تويلۇقۇم مېنىڭ».

## 50

مەي ئىچمەك ئەبەدىي ھاياتنىڭ ئەسلى ،
ياشلىقتىن يېتىلگەن ساۋاتنىڭ ئەسلى .
گۈل — شاراب پەسلىدە دوستلار بىلەن مەست ،
شاد بولساڭ ئۆلۈممۇ ھەم ياتنىڭ ئەسلى .

## 51

پۈتكۈل نەرسىلەرنى يارىتىپ ئاللاھ ،
ھەممىنى سۈندۇرۇپ ئاتىدۇ ، ئى ، ۋاھ !
ياخشى بولسىغۇ بۇزمايتتى بەلكىم ،
گەر يامان بولسا ئۇ ، ئېيت ، كىمدە گۇناھ ؟

## 52

چىمەننىڭ يۈزىگە يامغۇر تۆكتى ياش ،
شارابسىز تۇرالماس مۇتلەق بىزدە باش .
چىمەننى بىز سەيلە قىلدۇق ، كىم قىلۇر
توپىمىز كۆكلەتكەن چىمەننى ؟ ئاداش .

## 53

دىلىم ئىلىملەردىن مەھرۇم بولمىغان،
بىرەر سىر قالمىدى، مەپھۇم[1] بولمىغان.
ئويلىنىپ كۆنۈتۈن يەتمىش ئىككى يىل،
بىلدىمكى، ھېچ نەرسە مەلۇم بولمىغان.

## 54

لىق تولغان جام كەبى كۆرۈنەر ئاسمان،
دەل ئۇنىڭ ئاستىدا خارۇزار ئىنسان.
شىشە ۋە قەدەھنىڭ دوستلۇقىنى كۆر،
لەۋ يېقىپ سۆيۈشەر ئارىلىقتا قان.

---

① مەپھۇم — ئاشكارا، ئېنىق.

## 55

شاد بولغىن ، دۇنيادىن تەمەيىڭنى ئۈز ،
ياخشىمۇ ـ يامانمۇ ئالاقەڭنى بۇز .
قەدەھ ۋە يار چىچى قولۇڭدا بولسۇن ،
تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ بۇ كېچە ـ كۈندۈز .

## 56

بىر قولدا قۇرئان بار ، يەنە بىردە جام ،
بەزىدە ھالالمىز ، بەزىدە ھارام .
كۆك گۈمبەز تېگىدە ياشاپ ھەممىمىز ،
ئەمەس نە مۇسۇلمان ، نە كاپىر تامام .

## 57

ئاسمانغا زۆھرە ، ئاي چىققاندىن بۇيان ،
مەيدىن خوپ نەرسىنى كۆرمىدى ئىنسان .
ھەيرانمەن ، مەي سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا
نېمىنى ئالاركىن مەيپۇرۇش نادان .

## 58

بىر مەيخور مەست بولۇپ ئۇيقۇدا ئىدى ،
ئەس ـ ھوشى ، خىيالى تەندىن ئايرىلدى .
مەي ئىچتى، مەست بولدى، ئۇيقۇدىن تۇرۇپ :
« ئى خۇدا ، بەندەڭگە رەھىم قىل » دېدى .

## 59

موھتاجلىق كويىدا بىر دىلنى ئوۋلا ،
كۆڭۈلگە يېقىنراق ماقۇلنى ئوۋلا .
مىڭ كەئبە سەيرى كۆڭۈلچە بولماس ،
مەككىدە نېمە بار ، كۆڭۈلنى ئوۋلا .

## 60

جاھاندا غەم يېمە ، قولۇڭدىن كەلسە ،
ياماندۇر بار ـ يوقتىن دىل دەردكە تولسا .
بەش كۈنلۈك ئالەمدە شادلان ۋە يەپ ـ ئىچ ،
كۆتۈرۈپ كەتمەيسەن خەزىنەڭ بولسا .

## 61

جام تۇتۇپ تەبرىكلەڭ ، كەمنى پۈت قىلىڭ ،
سارغايغان يۈزۈمنى نەق ياقۇت قىلىڭ .
جاھاندىن كۆز يۇمسام شارابتا يۇيۇپ ،
ئۈزۈمنىڭ تېلىدىن بىر تاۋۇت قىلىڭ .

## 62

ئىچۋال ، تۇپرىقىڭ توزان بولغۇسى ،
لېيىڭدىن پىيالە ھامان بولغۇسى .
جەننەت ۋە دوزاخنى يادىڭدىن چىقار ،
ئاقىل ئاڭا ئەسىر قاچان بولغۇسى .

## 63

سىنىڭ تەقدىرىڭدىن بىرەيمەن خەۋەر ،
ئىككىلا سۆز بىلەن ئېيتەي مۇختەسەر① .
پاك ئىشقىڭ يەر قىلسا ، مېھرىڭدىن يەنە
بېشىمنى كۆتۈرۈپ بولاي جىلۋىگەر .

## 64

ئەپسۇس ھايات كەتتى ، كۈنۈم تۈن بولدى ،
ئەجەلنىڭ دەستىدىن جىگەر خۇن بولدى .
ئېيتمىدى باقىيدىن كېلىپ ھېچ كىشى ،
كەتكەنلەر بېشىدا قانداق كۈن بولدى ؟

① مۇختەسەر — قىسقىچە ، ئىخچام ، قىسقارتىلغان .

## 65

ئەقىلنىڭ كەينىگە كىر مەسلىك كېرەك ،
بۇ خۇددى ئۆكۈزنى ساغماقلىق دېمەك .
ئابلەھ①لىك تونىنى كىيىۋال ھەر كۈن ،
ئەقىلنىڭ باھاسى پىشمىغان خەمەك .

## 66

قېرىلىق ۋە ياشلىق ھەركىمگە يېتەر ،
ھەممىسى ئىزمۇئىز ، بىرمۇبىر ئۆتەر .
ھېچكىم بۇ جاھاندا ئەبەدىي قالماس ،
كەتتىلەر ، كېتىمىز ، كېلىشەر ، كېتەر .

① ئابلەھ ــ مەشھۇر سوپى ئەبۇسەيد ئىبنى ئابلەھەير مىلادىيە 967 ــ 1049 ـ يىللاردا ئۆتكەن .

## 67

جان ـ دىلىم بولغانتى بىر گۈزەلگە زار ،
باشقا بىر يەردە ئۇ غەمگە گىرىپتار .
مەن ئۇندىن ئۆزۈمگە دورا ئىزدىسەم ،
ئەپسۇس ، شۇ تېۋىپنىڭ ئۆزىمۇ بىمار .

## 68

يۈرىكىم قېنىدىن يۈز ساراي ۋەيران ،
ئاھلىرىم دەھشەتتۇر ئۇندىن يۈز چەندان .
ھەربىر كىرپىكىمدە قان دەرياسى بار ،
كىرپىكىم جۇپلەشسە باشلىنۇر توپان .

## 69

كىشى ئۆزلۈكىدىن ياخشى ـ يامان ھەم ،
قازايۇقەدەرۇ ، شادلىق ياكى غەم .
ئاقىللار ئېيتىدۇ : چەرخكە دۆڭگىمە ،
چەرخ سەندىن ئاجىزراق ، بىچارە ۋە كەم .

## 70

ئارزۇيۇم ـــ ماڭا نەق مەي ـ شاراب بولسۇن ،
قۇلاققا ياققۇدەك ساز ـ راۋاب بولسۇن .
كۇلالچى توپامدىن ياسىسا تاۋاق ،
ئۇنىڭدا لىقمۇلىق ساپ شاراب بولسۇن .

## 71

گۈل دېدى : « يۈسۈپمەن گۈزەل چىمەندە ،
ياقۇتتىن قىممەت زەر بالقىغان خەندە » .
دېدىم : يۈسۈپ بولساڭ نىشانە كۆرسەت ،
دېدى : « كۆر ، قانلىقتۇر كۆڭلىكىم تەندە » .

## 72

كۆڭۈلنىڭ ئۈمىدى يارىم ، قېنى كەل ،
مىڭ مۇراد ـ مەقسەتتىن ئەيلە بىرنى ھەل .
بىر كوزا مەي ئەكەل ، تىنسۇن كۆڭلىمىز
توپىمىزدىن كوزا ياساشتىن ئەۋۋەل .

## 73

كەلگۈسى ۋەدىگە يېتەلمەس كىشى ،
خۇشال يۈر ، چېكىنسۇن كۆڭۈل تەشۋىشى .
ئاي يۈزلۈك يار بىلەن مەي ئىچ ، كېيىنچە
ئاي بىزنى تاپالماس كېزىپ ياز ـ قىشى .

## 74

بىزگە گۈل تەگمىسە چۆپ ـ ئوت كۇپايە ،
ئەگەر نۇر يەتمىسە چوغ ـ ئوت كۇپايە .
جەندە تون ، خانىقا ، شەيخلىق بولمىسا ،
قوڭغۇراق ، چېركاۋ ، يەنە بۇت كۇپايە .

## 75

مەي ئىچسەڭ ئۆزۈڭنى بىخەۋەر قىلۇر ،
دۈشمەننى يەر بىلەن باراۋەر قىلۇر .
ھوشيارلىق پايدىسىز ، دۇنيانىڭ غېمى
دىلىڭنى كۆيدۈرەر ، ساماۋار قىلۇر .

## 76

قارىسام چىرايىم خېلىلا گۈزەل ،
قامىتىم ئىرغايدەك تۈپتۈز ، مۇكەممەل .
بىلمىدىم ، نېمىشقا ماڭا مۇنچىلا
گۈزەللىك بەرگەنكىن نەققاشى ئەزەل[1] .

---

[1] نەققاشى ئەزەل — ياراتقۇچى .

## 77

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى پۈتتى ،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى ، كۆز كېلىپ يەتتى .
ياشلىق دەپ ئاتالغان سۆيگۈ بۇلبۇلى ،
بىلمىدىم ، قايسى چاغ كەلدىيۇ ، كەتتى .

## 78

كىمنىڭكى بار بولسا بىر بۇردا نېنى ،
ئۆزىگە يارىشا ئۆي - ئاشىيانى .
ھېچكىمگە بولمىسا يا قۇل ، يا خوجا ،
دۇنيادا بەختلىك ساناغىن شۇنى .

## 79

يېتىشسەڭ ، شارابسىز تۇرما بىر نەپەس ،
يېشىدۇ تۇگۇننى شۇندا بۇ ھەۋەس .
مىڭ سەجدە قىلاتتى ئادەمگە شەيتان ،
ناۋادا يۇتۇم مەي ئىچسە قالسا ، بەس !

## 80

يۇتۇم مەي جەمشىتنىڭ دۆلىتىدىن چوڭ ،
مەي ھىدى مەريەمنىڭ ناشتىسىدىن① چوڭ .
مەستلەرنىڭ تاڭ بىدار چەككەن ئاھلىرى ،
بۇسەيد② ، ئەدھەم③ نىڭ نالىسىدىن چوڭ .

① بۇۋى مەريەم ئىيساغا ھامىلىدار بولغاندا غايىبتىن تائاملار كېلىپ تۇرغانمىش .
② بۇسەيد — 65 - رۇبائىي ئىزاھاتىغا قاراڭ .
③ ئەدھەم — بەلخلىق مەشھۇر سوپى ئىبراھىم ئەدھەم .

## 81

بۇ كونا ئۆتەڭدۇر ــ « ئالەم » ئاڭا نام ،
بۇندا بار بۇلۇت ۋە كۈن ـ تۈنگە ئارام .
نى جەمشىدتىن قالغان كونا بەزمە بۇ ،
بۇ گۆرگە سۆيۈنگەن نەچچە يۈز بەھرام .

## 82

كېلىپ ـ كېتىشىمدە نەدە بىر مەزمۇن ،
ۋۇجۇدۇم ئۆرۈشى ئارقاقسىز پۈتۈن .
قانچە پاك دىللارنى پەلەكنىڭ ئوتى
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلار ، چىقارماي تۈتۈن .

## 83

بالا ياغدۇرغۇچى زاماندىن قورقما ،
ھەممە ئىش كېتىدۇ ، جاھاندىن قورقما .
بىردەم نەق ئۆمرۈڭنى ئىشرەتتە ئۆتكۈز ،
ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك ھەرئاندىن قورقما .

## 84

خۇشاللىق ئىزدىمە ، ئۆمرۈڭ بىردەمدۇر ،
تۇپراقتا كەيقۇباد[1] زەررىسى جەمدۇر .
جاھان ۋە بارلىقنىڭ ئىشى تامامەن
ئۇيقۇدۇر ، خىيالدۇر ، ھىيلىدۇر ، غەمدۇر .

---

[1] كەيقۇباد ــ قەدىمكى ئىران ئەپسانىۋى شاھلىرىنىڭ بىرى .

## 85

كەل، ئەي دوست، خالاس بول ئەتىلىك غەمدىن،
نەق بىلەن بەھرە ئال غەنىيمەت دەمدىن .
يەتمىش مىڭ ياشلىقلار بىلەن تەڭ بولۇر
نامىمىز ، ئەتىلا كەتسەك ئالەمدىن .

## 86

دۇنياغا پاك كېلىپ ، ناپاك بولدۇق بىز ،
ئىشىكتىن شاد كىرىپ ، غەمناك بولدۇق بىز .
كۆزىمىز يېشىدىن يۈرەكتە ئاتەش ،
ئۆمرىمىز ئۇچتىيۇ ، تۇپراق بولدۇق بىز .

## 87

دېدىمكى : ئەمدى مەي گۇلگۇن ئىچمەيمەن ،
مەي ئۇزۇم قېنىدۇر ، مەن خۇن ئىچمەيمەن .
ئەقلىم سورىۋىدى : « شۇ گېپىڭ راستمۇ ؟ »
دېدىم : بۇ چاقچىقىم ، نىچۇن ئىچمەيمەن ؟!

## 88

دۇنياغا كېلىپمەن بولدۇم دائىم مەست ،
قەدىر كېچىسىمۇ يەنە مەست ـ ئەلەس .
لېۋىم جام لېۋىدە ، باغرىمدا كوزا ،
تا قىيامەتكىچە مەندە شۇ ھەۋەس .

## 89

كوزايۇجامىڭنى كۆتۈر ، ئەي دىلدار ،
كۆكلەمزار سۇ بويى ، سالقىن جايغا بار .
بۇ پەلەك سەرۋى بوي ، ئاي يۈزلۈكلەرنى
گاھ كوزا ، گاھ كاسا قىلغاندۇر تەكرار .

## 90

مەي تولغان بۇ كوزا بىر ياقۇت كاندۇر ،
قەدەھى بەدەندۇر ، شارابى جاندۇر .
پارقىراق بۇ قەدەھ مەي بىلەن خۇشال ،
كۆز يېشى ، دىل قېنى ئۇندا پىنھاندۇر .

## 91

تاكى غەم باشلارغا سالغۇچە غوۋغا ،
ئىيتقىنكى ، مەي بىزگە بەرسۇن دەل باھا .
ئالتۇن ئەمەسسەنغۇ بىلىپ قوي ، نادان ،
كۆمۈلسەڭ ، قېزىلىپ چىقمايسەن قايتا .

## 92

باھار چىمەندە گۈزەل پەرىزات ،
بىر قەدەھ مەي بېرىپ مېنى قىلسا شاد .
كىشىلەر ئالدىدا ئېيتىشقا ئاجىز ،
ئىت بولاي ، جەننەتنى قىلسام ئەگەر ياد .

## 93

چالا مەست يول ئالدىم مەيخانا تامان ،
مەست بوۋاي مەي كۆزلەپ مېڭىپتۇ ئاران .
دېدىم : ئۇيالمايسەن خۇدادىن نىچۈن ؟
ئۇ دېدى : « ئىچىۋەر ، خۇدا مېھرىبان » .

## 94

مەن مەستلىك قىلمايمەن ، قانچىلىك ئىچسەم ،
قەدەھگە ئۇنچىمۇ يېپىشمايمەن ھەم .
شاراب ئىچمەكلىكتىن مەقسىتىم شۇكى ،
سەندەك گىدىيىشكە بېرىشتۇر بەرھەم .

## 95

پەلەك ئۆمرىمىزگە بىر سىرتماق - تۈگۈن ،
كۆزىمىز يېشىدۇر دەريايى جەيھۇن① .
بىز چەككەن ئازابنىڭ ئۇچقۇنى دوزاخ ،
جەننەت ئۆمرىمىزدە بىر تىنچراق كۈن .

## 96

تاڭ چېغى ئويغانغىن نازىنىن گۈزەل ،
قانغۇدەك ئىچەيلى ، سازىڭنى ئەكەل .
دۇنيادا ھېچ نەرسە ئۇزاق تۇرمايدۇ ،
كەتكەنلەر قايتىشىپ كەلمەس ھېچ مەھەل .

---

① جەيھۇن — ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى .

## 97

بىلەمسەن ، نېمىشقا خوراز ھەرقاچان ،
ھەر سەھەر ئاھ ئۇرۇپ چېكىدۇ پىغان .
ئۇ دەيدۇ : « ئۆمۈردىن بىر كېچە ئۆتتى ،
بىخەۋەر قالدىڭسەن يەنە ، ئەي نادان » .

## 98

مەي ئىچسەڭ ، ئاقىل ۋە دانا بىلەن ئىچ ،
ياكى بىر گۈل يۈزلۈك رەنا بىلەن ئىچ .
ئاز - ئاز ئىچ،گاھ - گاھ ئىچ ھەمپوشۇرۇن ئىچ،
بەتقىلىق مەست بولما ، ھايا بىلەن ئىچ .

## 99

بار ئىمىش « پەرۋىن » دەپ ئىككى زور كالا ،
تۈۋرۈكمىش ھەر ۋاقىت يەر ـ ئاسمان ئارا .
قوش كالا ئارىسىدا تىپىشىپ يۈرگەن ،
قانچىلاپ ئەقىلسىز ئېشەككە قارا .

## 100

ئىسسىق ـ سوغ بولسىمۇ گۈزەلدۇر باھار ،
يامغۇردا يۇيۇلدى گۈلدىكى غۇبار .
بۇلبۇل گۈل شېخىغا قونۇپ كۈيلىدى :
« مەي ئىچىش زۆرۈردۇر ، مەي ئىچمەك قارار » .

## 101

ئىشقتۇر مەڭگۈلۈك ئەۋجىدە ئاپتاپ ،
ھاياتلىق بېغىدا تەلەيدىن خىتاب .
بولبۇلدەك زارلىماق ئىشق ئەمەس ھەرگىز ،
نالە قىپ ئاھ ئۇرما ، بولساڭمۇ خاراب .

## 102

ئەي شاراب ، سەن مەشۇق ، مەن ساڭا شەيدا ،
ئىچمەن ، قورقمايمەن بولۇشتىن رەسۋا .
مەينى سەن شۇنداق ئىچ ، كۆرگەنلەر دېسۇن :
« مەي خۇمى ، ھەي نەدىن بولغانسەن پەيدا » .

## 103

بىر غېرىب كۆڭلىنى قىلالىساڭ شاد ،
ياخشىدۇر زېمىننى قىلغاندىن ئاۋات .
دىل بېرىپ بىر دىلنى قۇل قىلالىساڭ ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلغاندىن ئازاد .

## 104

دەسسىگەن تۇپراقنى بىلمەس دۆت كىشى ،
گۈزەللەر يۈزى ئۇ ، نىگارىنىڭ قېشى .
ساراي پەشتىقىنى بېزىگەن ھەر خىش ،
ۋەزىرىنىڭ بارمىقى ، سۇلتانىنىڭ بېشى .

## 105

بىر يۇتۇم مەي ياخشى كاۋۇس مۈلكىدىن①،
شەھرى تۇس② ياكى قۇباد③ تەختىدىن.
ئاشىقنىڭ تاڭ بىدار چەككەن نالىسى،
مىڭ ياخشى زاھىتنىڭ ساختا قەلبىدىن.

## 106

قولىمىزدا بولسا ئاق بۇغداي نېنى،
بىر كوزا شاراب ۋە قوينىڭ بىر سانى.
مەيلى ۋەيرانىدا ئولتۇرايلى بىز،
بۇ ئەيشنى تاپالماس جاھان سۇلتانى.

① كاۋۇس مۈلكى — كەيكاۋۇسنىڭ بايلىقى.
② تۇس — خۇراساندىكى قەدىمكى شەھەر.
③ قۇبات — كەيقۇبادنى كۆرسىتىدۇ.

## 107

قارا يەر قەرىدىن تا يۇلتۇز — زۇھەل ،
كائىنات سىرىنى تامام قىلدىم ھەل .
كۆپ مۇشكۇل تۇگۇننى ئاچتىم ، يەشتىم ،
يېشىلمەي قالغىنى بىرغىنا ئەجەل .

## 108

كۆپ سۇسلۇق قىلماستىن ئوقۇ نامازنى ،
ئەل بىلەن ئوخشاش كۆر كۆپنى ۋە ئازنى .
قەست قىلما بىراۋنىڭ مال ۋە جېنىغا ،
تاڭلا مەن جاۋابكار ، بەرگىن مەي ، سازنى .

## 109

بەختىڭنىڭ بېغىدا گۈلگە تىكەندۇر ،
قولۇڭدا مەي يوقمۇ ، كۆڭلۈڭنى تىندۇر .
مەي ئىچكىن ، بۇ زامان ئالدامچى بىر جىن ،
پۇرسەتكە ئېرىشمەك مۈشكۈل - قىيىندۇر .

## 110

چۈشۈمگە كىرىپ بىر موللا - بىلىمدان ،
دېدىكى : « ئۇيقۇدىن بەخت كەلمەس نادان .
كۆپ ئۆتمەي ئەجەلگە ئولجا بولىمىز ،
ئىچىۋال ، تۇپراقتا ئۇخلارسەن ئوبدان » .

## 111

كۆلال دۇكىنىغا كىردىم ، كوزىگەر
لاي ئېتەر ، كۆرسىتىپ ئاجايىپ ھۈنەر .
ھېچكىم كۆرمىگەننى مەن كۆرۈپ قالدىم ،
ئەجدادىم تۇپرىقىن ئېزىپ لاي ئېتەر .

## 112

بىز بولساق تېرىلغۇ ، ئورغۇچى ــــ دېھقان ،
غەم يېمەك بىھۇدە ، پايدىسىز پىغان .
قەدەھنى تولدۇرۇپ تېزراق قولغا ئال ،
بولۇر ئىش بولۇپتۇ ، ئىچەي بىئارمان .

## 113

بىر جام مەي تەڭ كېلەر يۈز دىل ۋە دىنغا ،
يۇتۇم مەي تەڭ كېلەر دۆلەتى چىنغا .
دۇنيادا مەيدىنمۇ ياخشى ياقۇت يوق ،
ئاچچىقى ئەرزىيدۇ جاندەك شېرىنغا .

## 114

هاياتتىن قانچىلىك غېمىڭ بار ، ئى يار ،
بىھۇدە پىكىرلەر دىل - جانغا ئازار .
بەختىيار ياشىغىن ، شاد ئۆتكۈز ئۆمۈر ،
تەقدىر قولۇڭدىمەس ، نېمە چارەڭ بار !؟

## 115

بىرەر كۈن توزاقتىن ئازاد بولمىدىم ،
ياشىدىم ، ياشاشتىن ھېچ شاد بولمىدىم .
ھاياتلىق يولىدا كۆپ شاگىرت بولدۇم ،
دۇنيانىڭ ئىشىدا ئۇستاد بولمىدىم .

## 116

بولدۇممەن ناماز ۋە روزىغا مايىل ،
دېدىمكى ، مۇرادىم بولغۇسى ھاسىل .
يەل كېلىپ سۇندۇردى تاھارىتىمنى ،
روزامنى بىر يۇتۇم مەي قىلدى باتىل① .

① باتىل — بۇزۇلغان ، بۇزغان .

## 117

بازاردا كۆلالچى كۆرسىتىپ ھۈنەر ،
كوزىنغا لاي ئېتىپ ، پېتىقلار ، دەسسەر .
لاي دېدى ئۇنىڭغا : « ئاستىراق تەپكىن ،
كۆلالچى ئىدىممەن سەندەك بۇرادەر » .

## 118

ئۆتمەيدۇ ھاياتىم شارابسىز بىردەم ،
ۋۇجۇدۇم يۈكىنى تارتالمايمەن ھەم .
شۇ گەپكە قۇل بولاي ، ساقىي ئېيتسا گەر :
« بىر قەدەھ مېيىم بار ، بول ماڭا ھەمدەم » .

## 119

ياشلىقتا مەن شاگىرت، باشقىلار ئۇستاز،
كېيىن ئۇستاد بولۇپ، دىلنى ئەتتىم شاد.
ئاخىرى قەيەرگە يېتىشتىم دېسەڭ،
تۇپراقتىن چىقىپلا بوپتىمەن بەرباد.

## 120

دوستلىرىم، يېقىنلار بىر - بىرلەپ كەتتى،
ئەجەلدىن تۇپراقنى جاي - ماكان ئەتتى.
ئۆمۈر مەجلىسىدە ئىچكەن قۇرداشلار،
ئەۋۋەلرەك مەست بولۇپ مەنزىلگە يەتتى.

## 121

بۇ كۈندە ئەقىلدىن پايدا يوق زىنھار ،
ئەقىلسىز كىشىگە جاھان ئۈنۈمدار .
ئەقلىمنى ئالغۇچى نەرسىنى كەلتۈر ،
شۇندىلا بۇ زامان ماڭا بولغاي يار .

## 122

ھەييام ، ئىچىملىكتىن كەيپ قىلىپ شاد بول ،
گۈزەل بىر يار بىلەن ئولتۇرۇپ شاد بول .
جاھاندا ھەر ئىشنىڭ ئاخىرى يوقلۇق ،
يوقلۇق ۋە بارلىقنى بىر بىلىپ شاد بول .

## 123

بۇنچىلىك غەم يېمە ، ئۆتكۈنچى جاھان ،
بىر دەملىك ئۆمرۈڭدە بولغىن شادىمان .
خەقلەرنىڭ ئالدىدا كەلمەيتتى نۆۋەت ،
ۋاپانىڭ تەكتىنى بىلگەندە دەۋران .

## 124

ھەق تۈزدى جاھاننى ، چەرخ ـ پەلەك ئەتتى ،
كۆڭۈلگە داغ سېلىپ ، چاك ـ ھەلەك ئەتتى .
بەكمۇ كۆپ ياقۇت لەۋ ، ئاي يۈزلۈكلەرنى
تۇپراققا كىر گۈزۈپ ، لاي مەلەك ئەتتى .

## 125

كوزىنىڭ لېۋىگە لەۋ قويۇپ بىردەم ،
ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق ئۆمۈر تىلىسەم ؛
لېۋىنى تەگكۈزۈپ لېۋىمگە دېدى :
«مەنمۇ ھەم شۇ كويدا ، بىردەم بول ھەمدەم».

## 126

پەلەك قۇلىقىمغا پىچىرلاپ دېدى :
« مەندىنلا كۆردۇڭسەن قازا ھۆكمىنى .
ئۆزۈممۇ بىر توختاپ ئالالىتتىم ئارام ...
ئەپسۇس ، شۇ ئەركىنلىك مەندە بولمىدى » .

## 127

ئۇچراشتى قاۋاقتا كوزىچى بىر يار ،
كەتكەنلەر خەۋىرىنى قىل، — دېدىم، — ئىزھار.
ئۇ دېدى : « مەي ئىچكىن ، بىزدەكلەر سانسىز ،
كېتىشتى ، خەۋىرى كەلمىدى زىنھار » .

## 128

بۇ پەلەك قەستىدۇر يوقىتىش ھامان ،
دىلنى چاك - چاك قىلىپ ، ئالماقچىدۇر جان .
بوستاندا ئولتۇرۇپ مەي ئىچەيلى ، كەل ،
تېنىمىز خاكىدىن كۆكلىسۇن بوستان .

## 129

ئىچىشتىن باشقىغا قىسقا ۋاخ ياخشى ،
مەي گۈزەل قولىدا ھەممە ۋاخ ياخشى .
يەردىن تا كۆكتىكى ئايغىچە سورا ،
قەلەندەر ، سەرسانغا مەست بولماق ياخشى .

## 130

ياخشىلار مەي ئىچىپ بەزمە قۇرۇشماق ،
سوپىلار « ھۇ » سىدىن مىڭ بىر ياخشىراق .
دوزىخى بولسا گەر مەيپەرەس ئاشىق ،
كۆرەلمەس جەننەتنى ھېچ كىشى ھېچ ۋاخ .

## 131

ئويلىما ، ھەقسىز ۋە ناچار ئىچمەيمەن ،
رەسۋا ـ نەس بولغۇدەك زىنھار ئىچمەيمەن .
مەن مەينى دىل خوشلۇق ئۈچۈن ئىچەتتىم ،
بۈگۈنچۈ ، قەلبىمدە سەن بار ، ئىچمەيمەن .

## 132

ئەي پەلەك ، ھۈنىرىڭ دائىما بۇزماق ،
ئەزەلدىن ئادىتىڭ جەبرىلەر سالماق .
يار ! ئەگەر باغرىڭنى يېرىپ كۆرسىمۇ ،
چىقاتتى قانچىلاپ ئۈنچە ـ يالتىراق .

## 133

گۈل پەسلى ، سۇ بويى ، كۆكلەمدە ئەگەر
بولسا ئۈچ ـ تۆت ئۈلپەت ، ئاي يۈزلۈك دىلبەر .
قەدەھنى سۈمۈرسە تاڭ سەھەردىلا ،
مەسچىت ۋە چېركاۋنى ئۇنتۇشۇپ كېتەر .

## 134

ئىككىلى دۇنيادا ئۆيۈم يوق مونەك ،
يولۇم يوق قان بولۇپ ئۆلۈشتىن بۆلەك .
خۇشالدۇر ـــ بىر نەپەس ياشىمىغانلار ،
تۇغۇلماي قالغانلار راھەتتە بىشەك ① .

① بىشەك ـــ شەكسىز .

135

بىز كېلىپ كەتكۈچى، يۇملاق جاھان،
ئەمەستۇر باش ئۇچى ھېچكىمگە ئايان.
ھېچكىممۇ راستىنى ئېيتىپ بېرەلمەس،
بىز قايدىن كەلدۇقۇ، كېتىمىز قايان.

136

سىرلەر پەردىسىگە ھېچكىمگە يوق يول،
جان قىينار سوئالدىن بارچە ئادەم گول.
بىزلەرگە تۇپراقتىن باشقا ئورۇن يوق،
بۇ ھەقتە دەپ كەلگەن ئەپسانىلەر مول.

## 137

بۇ جامنى كۆرگەنلەر ئاپىرىن ، دېدى ،
ماڭلايغا يۈز قېتىم سۆيۈپ كىم تويدى .
ئەي پەلەك ، كۇلالچى قىلمىشىغا باق ،
نازۇك جام ياسىدى ، سۇندۇردى ، قويدى .

## 138

ئىچىۋەر ، مەي ئىچكەن مەڭگۈلۈك ياشار ،
دۇنيا لەززىتىنىڭ بارىدىن ئاشار .
قايغۇنى ئاتەشتەك ئۆرتەپ مەي دېگەن ،
ئابىھايات كەبى جۇش ئۇرۇپ تاشار .

## 139

دەريادا بىر تامچە يوق بولۇپ كەتتى ،
يەرگە بىر چاڭ قوندى ، كۆمۈلۈپ كەتتى .
دۇنياغا كېلىشىڭ - كېتىشىڭ نېمە ؟
بىر چىۋىن تۇغۇلدى ، يا ئۆلۈپ كەتتى .

## 140

مېنىڭ قايغۇلىرىم ئۇزاقتىن - ئۇزاق ،
سېنىڭ شادلىقلىرىڭ چەكسىزدۇر بىراق .
ئۆمرۈڭدە ھېچكىمگە يۆلەنمە ، چۈنكى ،
پەلەك ھامان قىلار ئويۇنچۇق - قونچاق .

## 141

گەر پەلەك قىلمىسا يەر بىلەن يەكسان ،
يەر ئۈزرە بىرەر گۈل بولماس نامايان .
يەر ئەگەر بۇلۇتتەك ئۆرلىسە كۆككە ،
ياغاتتى قىيامەت كۈنىگىچە قان .

## 142

ئۆمرۈڭدىن بىر نەپەس بولسا ، ئەي ئىنسان ،
قولۇڭدىن كەتكۈزمە ، بولماي شادىمان .
ئۆمۈر ئۇ ئۆزۈڭنىڭ مەيلىگە باغلىق ،
هوشيار بول ، شۇنداقتۇر ئەسلىدە جاهان .

## 143

پەلەكنىڭ ئۈستىدىن كىم تاپتى زەپەر ؟
ئادەم يەپ تويۇپتۇ قاچان قارا يەر ؟
يېمىدى مېنى دەپ كېرىلگەن بولساڭ ،
شاشماي تۇر ، بى ھايال كېلىدۇ خەۋەر .

## 144

قىينىلىپ ئادەممۇ ئاخىر ھۆر بولۇر ،
سەدەپمۇ يانجىلىپ قەترە - دۇر بولۇر .
مال كەتسە باش قالۇر ، ئۇنىڭ ئورنىغا
بوشىغان جام يەنە لىقمۇلىق تولۇر .

## 145

بۇ قىسقا ئۆمۈرمۇ ئۆتىدۇ دەرھال ،
دەريادا سۇ كەبى ، يا چۆلدە شامال .
كەتكەن ۋە كەلمىگەن ھەر ئىككى كۈننىڭ
غېمىدە ئۆزۈڭگە تاپمىغىن زاۋال .

## 146

مەن سۈننىڭ ئۈستىگە ئۆي سالماق بولدۇم ،
بۇتخانا ، چىركاۋدىن چۈنكى جاق تويدۇم .
« دوزاخقا كىرىسەن » دېگەنلەرگە مەن
كۆرگەنمۇ دوزاخنى ؟ دەپ سوراق قويدۇم .

## 147

ياسىنىپ يۈز ئاچسا مۇبادا ئالەم ،
سەن سۆيمە ، سۆيمەيدۇ ئەقىللىق ئادەم .
سەندەكلەر بىر تالاي كەلدى ۋە كەتتى ،
ئۇ سېنى ئۇتمىسۇن ، ئۇتۇۋال ھەردەم .

## 148

مەنسىزمۇ لەۋ سۈرگەن قازايۇقەدەر ،
نېمشقا كوچىلاپ مېنى سوراقلار ؟
ئۆتمۈش مەنسىز ئۆتتى ، ئۆتەر بۈگۈن ھەم ،
تاڭلا كۈن نېمدەپ قىلار جاۋابكار ؟

## 149

قەلەندەر يولىدا يۈرمىسەڭ بولماس ،
قان بىلەن يۈز يۇيۇپ تۇرمىساڭ بولماس .
بۇ قۇرۇق سەۋدانى پىشۇرالمىساڭ ،
ئۆزلۈكتىن كېچىپ ، ئاھ ئۇرمىساڭ بولماس .

## 150

رىزقىڭنى ئوشۇق ، يا كەم قىلىپ بولماس ،
ئاز - كۆپ دەپ ، كۆڭۈلدە غەم قىلىپ بولماس .
بۇ ئىشلار سەن - بىزنىڭ قولىمىزدىكى
موم ئەمەس ، ئۆزگەرتىپ ، يا ئېزىپ بولماس .

## 151

بىر مىش ـ مىش تارقىلىپ ، چىقتى يېڭى گۈل ،
ئاي يۈزلۈك گۈزىلىم شاراب كەلتۈرگىن .
ئۆيلىما دوزاخنى ، جەننەتنى ، ھۆرنى ،
ھەممىسى رىۋايەت ، يايراپ ئولتۇرغىن .

## 152

شوخ يىگىت ، ئورنىڭدىن تۇرغىن تاڭ سەھەر ،
مەي تولدۇر قەدەھنىڭ لىۋىگە قەدەر .
ۋاقىتتۇر ئامانەت ، ئۆتۈپ كېتەر تېز ،
كېيىن مىڭ ئىزدىسەڭ ، كەلمەيدۇ خەۋەر .

## 153

شەھىرى تۇس ئىچرە قۇش كۆردۇم ئەجەب ،
كەيكاۋۇس بېشىغا قىلاتتى ئۇ گەپ :
« قېنى ئۇ قوڭغۇراق ساداسى ، ئەپسۇس ،
قېنى ئۇ كانىيىڭ ـ دۇمباقلىرىڭ ؟ » دەپ .

## 154

ئۇيان ـ بۇيېنىمغا تاشلايمەن نەزەر ،
باغلاردا شىلدىرلاپ ئاقار سۇ — كەۋسەر .
كەۋسەردىن سۆز ئاچما ، دالىلار جەننەت ،
ئويناپ كۈل ، يېنىڭدا گۈل يۈزلۈك دىلبەر .

## 155

ئۆز ئەركىم بولسىدى ، كەلمەيتتىم ھەردەم ،
دىل خالاپ كەلگەندە ، كەتمەس ئىدىم ھەم .
بەك ئوبدان بولاتتى بۇ غەمخانىغا
كەلمىسەم ، تۇرمىسام ، كەلسەم ، كەتمىسەم .

## 156

ھەق ـ ئادىل بولسىدى پەلەكنىڭ ئىشى ،
ياقتۇرغان بولاتتى ئۇنى ھەر كىشى .
دۇنيانىڭ ئىشىدا بولسا ئادالەت ،
بولماستى دانالار كۆڭۈل ئاغرىشى .

## 157

ئىبىتارمىش : « شەئبانداⓘ مەي ئىچسە بولماس ،
رەجەب② خۇدا ئېيى ، ئىچمە بىر نەپەس .
بۇ ئايلار خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ بولسا ،
رامىزان③ بىزنىڭكى ، شۇندا ئىچسەك ، بەس .

## 158

كۇلالچى لاي مۇشتلاپ ئەتكۇچە كۇلال ،
ئەقلىنى ئىشلىتىپ قىلسىدى خىيال ؛
ھېچ قاچان بۇنچىلىك دەسسىمەس ئىدى ،
ئاتا تۇپرىقىدىن ياساشتا ساپال .

---

① شەئبان ــ ھىجرىيە 8 ـ ئاينىڭ نامى .
② رەجەب ــ ھىجرىيە 7 ـ ئاينىڭ نامى .
③ رامىزان ــ ھىجرىيە 9 ـ ئاي .

## 159

ئەي ئاگسىز بىلمەيسەن بۇ ئالەم يوقلۇق ،
نېگىزى شامالدۇر بىر تۇتام ، يوقلۇق .
ئىككى يوق ئارىسى — سېنىڭ بارلىقىڭ ،
ئەتراپىڭ يوقلۇقتۇر ، ئىچى ھەم يوقلۇق .

## 160

قايغۇنىڭ قولىدىن ئىچمەستىن جۇلاپ ،
شادلىنىپ ئىچمىدىم ئەسلا ساپ شاراپ .
ھېچكىمنىڭ تۇزىغا نان تۆگۈرمەيمەن ،
ئۆزۈمنىڭ باغرىدىن يېمەي دەپ كاۋاپ .

## 161

ئۆمۈر دەپتىرىدىن پال ئاچقاندا دىل ،
خۇرسىنىپ سۆزلىدى بىر كۆيگەن كۆڭۈل .
بەختلىك ھەر كىشى ، بولسا ئۆيىدە
ئاي يۈزلۈك نىگارى يېنىدا سىجىل .

## 162

گۈل ئۈزرە كۆكلەمنىڭ شەبنىمى ياخشى ،
چىمەندە يۈز ئاچقان ھەمدىمى ياخشى .
ياخشى ئەمەس، ئۆتمۈشتىن سۆز ئېچىپ يۈرمەك،
خۇش بولغىن ، بۈگۈننىڭ ھەر دەمى ياخشى .

## 163

ئاغرىقمەن ، قىزىتما ئىمتىھان قىلار ،
ئىچمىسەم ، مەي ماڭا قەستى جان قىلار .
بۇ ئەجەب ئىشنى كۆر ، ئاغرىق چېغىمدا ،
مەي ياخشى ، باشقىسى كۆپ زىيان قىلار .

## 164

خالىغان ئىشىمنى خالىماس خۇدا ،
قاچان ئىستىكىمنى ئەيلەپتۇ بەجا .
ئۇنىڭ ئىستەكلىرى توپتوغرا بولسا ،
مېنىڭ ئىستەكلىرىم بارچىسى خاتا .

## 165

بەتبەختمەن ، گۇناھدىن ھېچ قۇتۇلمىدىم ،
لېكىن ئوتپەرەستەك ئەنسىز يۈرمىدىم .
تاڭ چېغى ئۆلسەممۇ باش ئاغرىقىدىن ،
مەي ، مەشۇقلا كېرەك ، جەننەت دېمىدىم .

## 166

باشلارغا چۈشمەستە پەلەك كۆلپىتى ،
كېلىڭلار ئولتۇرۇپ شاراب ئىچەيلى .
دۇنيادىن بىز كېتەر چاغدا بۇ پەلەك
قويمايدۇ بىر تامچە سۇمۇ ئىچكىلى .

## 167

قىر ـ سەھرا ئايلىنىپ، كەزسەكمۇ ئالەم،
ئىشىمىز ئوڭلىنىپ تۈزەلمىدى ھەم.
قۇلايسىز زاماندا ئۆتكەن ئۆمرىمىز
ياخشى ئۆتمىسىمۇ، ئۆتتى ـ دە، دەم ـ دەم.

## 168

گۈل يۈز يار ھېچكىمگە نېسىپ بولماسكەن،
دىلىغا سانجىلماي تۈرۈپ مىڭ تىكەن.
تارغاققا قاراپ باق، يارنىڭ چېچىغا
يەتكۈچە باغرى يۈز تىلىنغان ئىكەن.

## 169

قورقۇشنىڭ يولىنى مەن توسۇپ ئېتەي ،
قىرغاقتا يار بىلەن ئىچسەڭ تازا مەي .
تۆرەلدىم ، باردۇرمەن قىيامەتكىچە ،
مەن ئىچتىم ، هازىرمۇ ، هەردائىم ئىچەي .

## 170

كىم هايات غېمىدىن دىلنى قىلسا قان ،
هە ، ئۇنداق ئادەمدىن ئۇيۇتار زامان .
شىشەڭ تاشقا تېگىپ سۇنۇشتىن بۇرۇن ،
شىشىدە مەي ئىچكىن ، ساز چېلىپ هامان .

## 171

ئەي دىل ، بۇ تۇگۇننى سەن يېشەلمەيسەن ،
دانالار سۆزىنى سەن دېيەلمەيسەن .
مەي ئىچىپ شۇ يەردە جەننەت پەيدا قىل ،
جەننەتكە يېتەرسەن ، يا يېتەلمەسسەن .

## 172

مەستلىكتە كوزىغا تاش ئاتتىم بىر كۈن ،
ئۇ كۆڭۈل تىلىدىن چىقاردى بىر ئۈن :
« مەنمۇ سەندەك ئىدىم ، سەنمۇ ئاخىرى
مېنىڭدەك بولىسەن ، رەنجىتمەك نىچۈن !؟ »

## 173

يۇزۇڭدىن شەبنەملەر تۆكمە ھەرگىز ، ھەي ،
ناپاكلار قېنىنى تۆككىن تىترىمەي .
ئىككى مىڭ بىمەنە قاننى تۆكسەڭمۇ ،
تۆكمىگىن تۇپراققا بىرەر يۇتۇم مەي .

## 174

ئۇياتتۇر تونۇلساڭ ، چىقسا ياخشى ئات ،
دۇنيادىن رەنجىمەك تولىمۇ ئۇيات .
خۇداگۇي بولدۇم دەپ ، مەغرۇرلانما سەن ،
ئۈزۈمنىڭ سۈيىگە تازا تويۇپ يات .

## 175

بىزگە مەي ۋە مەشۇق، سىزگە غەم ـ تەشۋىش،
سىزگە خاس جەننەت ۋە بىزگە دوزاخمىش .
بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمىكەن ، ئېيتىڭ ،
نېمىشقا بۇ تەقدىر شۇنداق پۈتۈلمىش .

## 176

باشقىلار بېشىدىن قانداق ئايلىناي ،
ۋە يېڭى سۆيگۈگە قانداق باغلىناي .
كۆزۈمدە تاشقىندەك ياش تولۇپ تۇرسا ،
ئۆزگە يار يۈزىگە قانداقمۇ قاراي .

## 177

قېنى ئۇ سىرداش دوست ، سىردىشاي بىردەم ،
ئەسلىدە قانداقراق بولغانتى ئادەم .
جاپا ۋە قايغۇدىن ياسالغان لېيى ،
جاھاننى بىر كېزىپ تېزلەتتى قەدەم .

## 178

خۇشۋاخ بول ، غەم ـ قايغۇ چەكسىزدۇر ھامان ،
يۇلتۇزغا سالىدۇ پەلەك ئالىقان ،
سېنىڭ تەن لېيىڭدىن ياسالغان خىشلار ،
خەقلەرگە بولىدۇ مەنزىل ۋە ماكان .

## 179

ناكەستىن سىر ساقلا ، تىلىڭنى باغلا ،
ئەبلەختىن يوشۇرۇن يۈرمەكنى چاغلا .
كىشى ئۆز جېنىغا نە قىلغانغا باق ،
سەنمۇ ھەم كۆز تىكىپ ، شۇنى سوراقلا .

## 180

بىز كونا ۋە يېڭى مەيگە خېرىدار ،
ئالەمنى بىر دانىغا سېتىشقا تەييار .
مەن ئۆلەر چېغىمدا « نەگە » دەپ يۈرمەي ،
مەي بېرىپ خالىغان جايغا ئېلىپ بار .

## 181

كېلىدۇ جەندەمنى كوزىغا ياپقۇم ،
مەيخانا تېمىدا قىلىپ تەيەممۇم .
مەيخانا خاكىدىن تاپارمىز ھايات ،
چۈنكى ، ھاياتىمىز شۇندا بولدى گۇم .

## 182

سىر قالسۇن شۇ پېتى دىل دەپتىرىمدە ،
ئۆرىسەڭ بالادۇر ئەل نەزىرىدە .
ئېيتىشقا بولمايدۇ دىلدىكى گەپنى ،
تۇرمىغىن نادانىنىڭ تۇرغان يېرىدە .

## 183

ئېرىقنىڭ بويىدا تۇرغان چىمەنلەر ،
قاش - كۆزدۇر ئاي يۈزلۈك مىڭلاپ گۈزەلگە .
بۇ چىمەن لالىدەك يۈزلەر تۇپرىقى ،
ئاۋايلاپ دەسسىگىن ئاشۇ چىمەنگە .

## 184

كۇلالچى ئۇستىدىن بول پەخەس - ھوشيار ،
ئەزەلدىن ئەيلىدى تۇپىمىزنى خار .
پەرىدۇن① بارمىقى ، خىسراۋ ② قولىنى ،
پەلەككە يەم قىپتۇ ، نە مەقسىتى بار ؟

---

① ، ② — قەدىمكى ئىران ئەپسانىۋى شاھلىرى .

## 185

قەيەركىم گۈلزاردۇر ھەم لالىزاردۇر ،
شۇ يەردە شەھرىيار ، شاھ قېنى باردۇر .
نەدىدۇر ، بىنەپشە ئۈندى بىر يەردىن ،
ئۇ گۈزەل قىز ئىدى ، ئەمدى غۇباردۇر .

## 186

گەر كىمگە مەلۇمدۇر جاھاننىڭ سىرى ،
شادلىق ، غەم ئوخشاشتۇر شۇنىڭدىن بېرى .
ياخشىلىق - يامانلىق دېگەنلەر ، چۈنكى
گاھى دەرد ، گاھ دەرمان بېرەر ئاخىرى .

## 187

كاشكى تىنىچ بىر جايغا كەتكىلى بولسا ،
شۇ ئۇزاق مەنزىلگە يەتكىلى بولسا .
يۈز مىڭ يىل ئۆتكەندە تۇپراقتىن چىقىپ ،
بىخ كەبى چىمەنزار ئەتكىلى بولسا .

## 188

ئەي ساقىي بۇ دىلىم قاچماقچى بولسا ،
دېڭىزدۇر ، تاشمايدۇ قانچىلىك تولسا .
سوپىنىڭ كۆڭلىدە لىپ ـ لىق جاھالەت ،
ئالجىيدۇ بىر يۇتۇم مەي ئىچىپ قالسا .

## 189

ئەي تۇن ـ كۈن دۇنياغا كۆز تىككەن كىشى ،
ئەقلىڭنى ئالمسۇن دۇنيا تەشۋىشى .
يىغىپ ئەس ـ ھوشۇڭنى ئالەمگە قارا ،
نېملەر كەلتۈردى ئۇنىڭ قىلمىشى .

## 190

قولۇڭدىن كەلسىلا بۈگۈن بىر قاتار ،
ئەزىزلەر كۆڭلىنى خۇش قىلغىن دىلدار .
بىلىپ قوي ، ھۆسنىڭدىن كېتسەن مەڭگۈ ،
شۇ مەھرۇم كۈنلەرگە بولۇپ قوي تەييار .

## 191

تېنىگىدە بار ئىكەن تومۇر ، سۆڭەك ، پەي ،
ياشاۋەر تەقدىرنىڭ ئۆيىدىن كەتمەي .
باش ئەگمە دۈشمەننىڭ رۇستەم بولسىمۇ ،
يىلىنما ئاغىنەڭ بولسا ھاتەم تەي .

## 192

ھەرقانچە سۆزلىسەم مەن نادانلىقتىن ،
دىل شۇنچە تەڭ بولۇر ناتىۋانلىقتىن .
باغلىغۇم كېلىدۇ بېلىمگە زۇننار①،
نومۇس قىپ شۇ ئاجىز مۇسۇلمانلىقتىن .

① زۇننار — مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ياشىغۇچى خرىستىئانلار مەجبۇرىي سۈرەتتە بېلىگە باغلاپ يۈرىدىغان بەلۋاغ .

## 193

دىل ئەلنىڭ دەردىگە تولسا ياخشىدۇر ،
باش يولۇڭ تۇپراقتا بولسا ياخشىدۇر .
گەر دوستۇڭ غەم تىغى ئاتسا رەنجىمە ،
ھەر نەرسە دوستۇڭدىن كەلسە ياخشىدۇر .

## 194

دەيدۇلەر : شارابنى بۇندىن كەمرەك ئىچ ،
نە دەردىڭ بار ئىدى تۇرمايسەن تىنچ ؟
ئۆزرەم : يار ۋىسالى ، تاڭنىڭ شارابى ،
ئىنساپ قىل ، بۇندىن چوڭ ئۆزرە يوقتۇر ھېچ .

## 195

دەيدىكەن : كىم قىلسا تائەت ـ ئىبادەت ،
مەھشەردە دەس تۇرار شۇنداق قىياپەت .
مەنمۇ مەي ، يار بىلەن بولغاچقا ئۈلپەت ،
شۇ پېتى قوپقايمەن بولسا قىيامەت .

## 196

ئەي كۆڭۈل ، ساز چېلىپ ، بەزمە قۇرايلى ،
راست ئىچىپ بىر يامان ئاتلىق بولايلى .
سېتىپ جايىنامازنى پىيالە مەيگە ،
رىيا شىشىسىنى تاشقا ئۇرايلى.

## 197

ئىشقىڭدىن يوق ماڭا ئۇيات ، مالامەت ،
بىخەۋەر كىشىگە قىلما ئىشارەت .
بۇ ئىشق شارابى مەردلەرگە دورا ،
بولمايدۇ نامەردكە نېسىپ بۇ راھەت .

## 198

بۇ جاھان رەڭگارەڭ قۇراق كۆرۈنەر ،
ھاياتلىق بىردەملىك پۇراق كۆرۈنەر .
خۇدانىڭ ھەققىدە نەگىلا باقسام ،
بەختسىزلىكلىرىم توشاق كۆرۈنەر .

## 199

قولمۇقول تۇتۇشۇپ بولمساق ھەمدەم ،
خۇشاللىق ھەم كەلمەس، تۈگەپ كەتمەس غەم.
تاڭ چېغى تولدۇرغىن سەھەر جامىنى،
يەنە كۆپ تاڭ ئاتار بىزدىن كېيىن ھەم .

## 200

ئەي دوستلار سورۇننى ئاۋات قىلىڭلار ،
پات ـ پات يۈز كۆرۈشۈپ ، دىل شاد قىلىڭلار .
ساقىي پاك شارابنى قولغا ئالغاندا ،
پېقىرنى دۇئادا بىر ياد قىلىڭلار .

# ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى

پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتقان جاھانشۇمۇل ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ نامى، ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئايرىم رۇبائىيلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە خىلمۇخىل رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. كېيىنچە، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ تارقىلىشى خەلقئارادا ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. نەتىجىدە بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەر، تەتقىق قىلغۇچىلار كۆپىيىپ، يېڭى - يېڭى

مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى .

## ئۆمەر ھەييامنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۆمەر ھەييام خوراسان ۋىلايىتى ( ھازىرقى ئىران )نىڭ نىشاپۇر شەھىرىدە ياكى شۇ شەھەر ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردىن بىرىدە چېدىر ( خېمە ) تىككۈچى كاسىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆمەر ھەييام 1016 ــ 1048 - يىللار ئارىلىقىدا تۇغۇلغان دېگەن تۆرلۈك قاراشلار ئىچىدە ، 1040 - يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراش كۆپرەك . ئۇ نىشاپۇردا ئەينى زامانىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئىمام مۇۋەپپەقىددىن بىننى ئابدۇللىتىپ دېگەن كىشىدە ئوقۇغان . ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ، بەلختە ، بۇخارادا ، سەمەرقەندلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان . ئۆمەر ھەييامنى بۇخارا ھاكىمى شەمسۇلمۈلۈك قاراخانى ئۆز سارىيىغا تەكلىپ قىلغان ، ئەمما ئۆمەر ھەييام ئۇ يەردە كۆپ تۇرالمىغان .

ئۇنىڭ « خەييام ①» دېگەن تەخەللۇسى بوۋىسى ئىبراھىمنىڭ ھۈنىرىدىن ئېلىنغان دېيىلىدۇ. 1074 ـ يىلى ئۆمەر ھەييامنىڭ بالىلىق

① خەييام — ئەرەبچە « چېدىر » ،« بارگاھ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆمەر ھەييام نىشاپۇردا تۇغۇلغىنىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆپ ھاياتى چېدىرچىلىق كەسپى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ئەرەب دۇنياسىدا ئۆتكەن. بوۋىسى ئىبراھىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەجدادلىرى چېدىرچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا، « خەييام » دېگەن تەخەللۇسنى ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كەسپىگە ماسلاشتۇرۇپ تاللىۋالغان. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار « خەييام » دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا باشقىچە مەنە بېرىپ قويىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى ھېچبىر مەنە ئىپادىلىمەيدىغان « ھەييام » سۆزىگە ئالماشتۇرۇپ قويغان. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋە كىشىلەر ئاغزىدا « ھەييام » تەخەللۇسى ئۆزلىشىپ كەتكەن.

چاغلىرىدىكى ساۋاقداشلىرىدىن نىزامىئۇلمۇلۇك ئۇنى ئىسفاھاندىكى رەسەتخانىغا باشچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئىستىبداتلىق ئالىم ئۆمەر ھەييام بۇنىڭغا رازى بولۇپ، ساراي ئىشلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يىراقتا تۇرۇپ پەن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە پەلسەپىگە ئائىت بىرقانچە كىتابلارنى يازغان. مەسىلەن، 1077 ـ يىلى يۇنان ئالىمى ئېۋكلىد (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ئۆتكەن) نىڭ كىتابىدىن بىرقانچە گېئومېترىيىلىك مەسىلىلەرنى شەرھلەپ يازغان «ئېۋكلىد ئەسەرلىرىدىكى بەزى مۇشكۇلات»، «ھېساب مەسىلىلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە ئىسپاتى» دېگەن ئەسەرلىرىدە پۈتۈن سانلارنىڭ يىلتىزىنى تېپىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۆمەر ھەييام بىرنەچچە ئەسىرىدە ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 ــ 1037) نىڭ پىكىرلىرىنى تەرغىب قىلغان، ئۇنىڭ بىرقانچە كىتابلىرىنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە شەرھلىگەن. ئۆمەر ھەييام

ئۆزىنىڭ «رىسالەتۇل كائىنات — تەكلىق» (كائىنات ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە رىسالە) ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانى ئۆز ئۇستازى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۆمەر ھەييام يەنە «رىسالەئى فىل ۋۇجۇد» (بارلىق ھەققىدە رىسالە)، «رىسالەئى فى كۇللىياد ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ ئومۇملۇقى ھەققىدە رىسالە) قاتارلىق بىرنەچچە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۆزى ئىبن سىنانىڭ سادىق شاگىرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. تارىخچى باي ھاقىنىڭ خەۋەر بەرگىنىگە قارىغاندا، ھەييام ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مۇتالىئە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى كىتابمۇ ئىبن سىنانىڭ «كىتابۇش — شىفا» ناملىق پەلسەپە ئەسىرى ئىكەن.

دۇنيا پەلسەپىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ سىرىنى ئىزدەش بىلەن بىرگە ئۆمەر ھەييام يەنە جالالىدىن مەلىكشاھنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەتتە نەپەر مۇنەججىم

(ئاسترونوم ) ۋە بىرقانچە ئالىملارغا رەھبەرلىك قىلىپ ، بەش يىل قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، 1079 ـ يىلى يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان « جالالىدىن كالېندارى »نى ئىشلەپ چىققان . بۇ كالېندار ياۋروپادا ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىنرەك قوبۇل قىلىنغان ۋە هازىرقى كۆنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن گرىگورىي ئانىس كالېندارىدىن ئېنىقراق بولغان . ئەمما ئارىدا ( 1092 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ) نىزامىئۇلمۇلۇك ئىسمائىلىيە تېررورچىلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن ، مۇتەئەسسىپ روهانىي گۇرۇهلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ، بۇ كالېندار ئىشلىتىلمەي قېپقالغان . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، جالالىدىن مەلىكشاهنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆمەر ھەييام «باغدات رەسەتخانىسى »نى تەسىس قىلىپ ، ئۆزى باشچىلىق قىلغان ھەمدە رەسەت ئىشلىرىغا ئائىت «زىجى مەلىكشاهى » دەپ ئاتالغان مەخسۇس جەدۋەل ـ خەرىتىلەرنى لايىھىلەپ سىزىپ چىققان .

1092 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ( نىزامىئۇلمۇلۇكنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ ) مەلىكشاھمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ مەملىكەتتە تەخت تالىشىش نىزالىرى ۋە قان تۆكۈشلەر ئەۋج ئالغان . سانسىز ھەربىي يۈرۈشلەر خەلقنى قاقشىتىپ، نامراتلاشتۇرغان . يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ كۈرىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ، بۇنىڭغا قارشى نارازىلىقلار مەملىكەتتە كۈنسېرى كۈچەيگەن . بۇ خىل ۋەزىيەت ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان . ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ « رىسالەئى جەبر » ( ئالگېبرا ) ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە : « بىز ئىلىم ئەھلىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى — چېكىنىشىنى باشتىن كەچۈردۇق ، بۇ جاپاكەشلەردىن ئازغىنىلا ئادەم قالدى ، خالاس ... ئەمدى بىزنىڭ زامان دانىشمەنلىرىنىڭ ئىشى — راستنى يالغان بىلەن يوشۇرۇشلا بولدى ، بىلىمدە ئالدامچىلىق ۋە

شۆھرەتپەرەسلىكتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى . ئەگەر ئىلىم - بىلىمدە بىرنەرسە بىلسە ، ئۇنىمۇ يامان مەقسەت ۋە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى . ئەگەر بىرەر كىشى ھەقىقەتنى قاتتىق تەلەپ قىلسا ، توغرىلىقنى ئەۋزەل كۆرسە ، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقنى رەت قىلماقچى بولسا ، ناھەقچىلىك ۋە ھىيلىگەرلىكتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلسا ، ئۇنى ھاقارەتلىدى ۋە مەسخىرە قىلدى » دەپ يازغان .

ھەييامنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ماتېرىيالىستىك سۆز - ئىبارىلەر كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، جاھىل ، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار گۇرۇھى ئۇنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلەشكە ھەرىكەت قىلىشقان . ئۇلۇغ ئالىم بۇ پىتنە - پاساتقا قارشى ھالدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى نامايان قىلىپ ، قېرىغان چېغىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن . ئەمما ، ئۇنىڭ رەقىبلىرىدىن ئىبنى ئۇل كىفاتى « تارىخ - ئۇل - ھۆكۈما » ناملىق كىتابىدا ھەييام ھەققىدە گەپ ئېچىپ :

«زامان ئەھلى ئۇنىڭ دىنسىزلىقىنى ئەيىبلەپ، يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئىچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆز جىنىدىن قورقۇپ، قەلىمى ۋە تىلىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتتى ۋە ھەم خۇداگۇيلىقتىن ئەمەس، بەلكى قورقانلىقىدىن ھەجگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ناپاك سىرلىرىنى ئاشكارا قىلدى» دەپ يازغان.

ھەييام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تولىمۇ ئېغىر چىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ نىشاپۇرغا قايتىپ كېلىپ كەمبەغەلچىلىكتە ئۆمۈر كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپەدىن بىرقانچە ئەسەر يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتراپىغا سادىق شاگىرتلىرىنى يىغىپ دەرس بېرىپ، بىر گۇرۇھ ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئاجايىپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان جاھانشۇمۇل بۈيۈك ئالىم 1123 ـ يىلى نىشاپۇردا ۋاپات بولغان.

# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر

ئۆمەر ھەييام پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا بىرنەچچە شېئىرىي ئەسەرلەر يازغان، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىشىدا ئاساسىي ئورۇننى رۇبائىيلىرى ئىگىلىگەن. رۇبائىيچىلىقتا ھېچبىر خەلقنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن شائىر تېپىلمايدۇ، دېگىلى بولىدۇ.

ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەينى زامانىنىڭ ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئېقىملىرى، شۇنداقلار دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ زوراۋانلىقى مۇھىم سەۋەب بولغان. بۇ ئاساسىي سەۋەبلەرنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ X — IX ئەسىرلەردە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىلىم - پەن، پەلسەپە ساھەلىرىدە گۈللىنىش

بارلىققا كەلگەن دەۋر بولدى. سودا ـ سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ئېھتىياجى بىلەن ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، فىزىكا، ئوپتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، خىمىيە، مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەر تېز تەرەققىي قىلدى. ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلغار ئالىم، يازغۇچى ـ شائىرلار، تەبىئەت كۆزەتكۈچىلىرى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇرەككەپ يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا تىرىشتى. بۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان يازغۇچى ـ شائىر، تەبىئەت كۆزەتكۈچىلىرى، جۈملىدىن مۇھەممەت ئىبن مۇسا خارەزمى ( IX ئەسىردە ئۆتكەن )، خەلىپە مۇتەۋەككىلى زامانىدا باغداتتا ئۆتكەن ئەبۇ ئابباس ئەخمەت ئەل فەرغانى، ئەبۇ ناسىر فارابى ( 870 ـــ 951 )، ئەبۇ يۇسۇپ ئىبن ئىسھاق ئەل كىندى (800 ـــ 879 )، ئىرانلىق مەشھۇر ھېكىم ئەبۇ بەكرى مۇھەممەت ئىبن ئاكارىيە ئەل رازى ( 805 ـــ 925 )،

ئەبۇ رەيھان مۇھەممەت ئىبن ئەخمەت ئەل بىرونى (972 ــ 1048 ) ، ئەل مائاررى ، ئىبن سىنا ، روداكى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا چىقتى . ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، پەيلاسوپ ، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابى قەدىمكى رىم ۋە يۇنان پەلسەپىسىنى ، بولۇپمۇ ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى شەرقتە ئەڭ ئاۋۋال تارقاتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ، « شەرقنىڭ ئارىستوتېلى » ، « ئىككىنچى ئۇستاز » دەپ ئاتالدى .

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئەينى چاغدا شەرق ۋە غەربنىڭ ھەممىسىدە « ئۇلۇغ پەيلاسوپ » دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىدى . ئۇ تەجرىبە ھەم پاكىت بىلەن ئەمەلىيەت ئاساسىدا ھەقىقەتنى تەنقىدىي سىناش كېرەك دەپ قارايتتى . ئۇ فىزىكا كىتابىنىڭ سۆز بېشىدا مۇنداق يازغان : «بىز تەبىئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا قول

سېلىشىمىز كېرەك . بىز بۇ يەردە ئارىستوتېلچە پەلسەپىدە ئىشلىتىلگەن ئۇسۇلنى تاللىۋېلىپ ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم . بىزنىڭ كۆپلىگەن ئالىملىرىمىز ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى ھاجەتسىز ۋە ئوڭاي چۈشىنىۋالغىلى بولىدىغان مەسىلىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىدۇ ... لېكىن بىز باشقا يولنى بويلاپ ئالغا بېسىشنى ئۈمىد قىلىمىز ... »

روداكى ( IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان ، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى بەزى ماتېرىياللاردا 941 - يىلى ، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 952 - يىلى دېيىلگەن ) پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان . ماددىنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ھەققىدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ياراتقان . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بېغىشلاپ يازغان بىر شېئىرىدا ، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرلىششىغا كىم سەۋەب بولدى ؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ ، مۇنداق

جاۋاب بەرگەن : « بىز تۇرۇۋاتقان دۇنيا مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرىدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ماهىيىتىدۇر . ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىمۇ ئايلىنىشتۇر . دورا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ ، كېسەللەرنى داۋالايدۇ ، ئەمما ئۇ يەنە ئاغرىقنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ ، ئۇ بىزدە ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ . كونا يېڭىغا ئايلىنىدۇ ، يىل - ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىلىق يەنە كونىلىقنىڭ ئورنىنى باسىدۇ . بۇنداق بىر ئايلىنىش بۇرۇن شۇنداق بولغان ، كەلگۈسىدىمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ . چاڭ - توزانلار قاقاس قۇملۇقلارنى هاسىل قىلدى . ئەمما ، بۇ يەرلەر ئەسلىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىمەنزارلىقلار ئىدى ، هالبۇكى هازىرقى چىمەنزارلىقلارمۇ يامغۇرغا تەشنا قۇملۇقلارغا ئايلىنىدۇ » .

ئىبىن سىنا ، روداكى قاتارلىق پەيلاسوپ ، ئالىملارنىڭ پەلسەپۋى ئەسەرلىرى X — XV ئەسىرلەردە تاجىك ۋە پارسلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ( 940 — 1020 ) ،

ئۆمەر ھەييام، شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى (1203 ــ 1292)، خوجا ھاپىز شىرازى (1320 ــ 1389)، مەۋلانا ئابدۇراھمان جامىي (1414 ــ 1492) قاتارلىق مەشھۇر ئەرباپلارنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. مەدەنىيەت مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردىكى ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۆمەر ھەييامنىمۇ ئويغاتقان. ئۇ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە روداكى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغان. بۇ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىسى.

ئىككىنچى، ئۆمەر ھەييامنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى XI ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئېغىر كۈنلەر ئۆتتى. خۇراسان غەزنىۋىيلەر زۇلمىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، سالجۇقىي

ئۇرۇشلىرى باشلاندى . 1004 - يىلى تانداناگاندا بولغان جەڭدىن كېيىن ، سالجۇقىيلار ناھايىتى قىسقا مەزگىل ئىچىدە خۇراساننى ، ئاندىن گورگان ، تەبەرىستان ، خارەزم ھەم ئەزەربەيجاننى ئىگىلەپلا قالماستىن ، يەنە ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي رايونىنىمۇ ئىشغال قىلدى . 1055 - يىلى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتنى تارتىۋالدى . ئارقىدىنلا ھازىرقى ئىراننىڭ زور بىر قىسمىنى بېسىۋالدى . ئۇلار دېھقانلارنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئاساسلانغان ، يەنى سالجۇقىيلاردىن يەر مۇكاپات ئالغان زېمىندارلارغا ئوخشاش فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتتى . يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ، خوراسان ۋە ئىران يەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان مەركىزىي دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلدى .

مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن ئالغاندا ، سالجۇقىي كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن ھەم خوراسان مىللەتلىرىدىن تۆۋەن تۇراتتى .

سالجۇقىيلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىق ئېغىر ئىدى. ئالىپ ئارسلان بىلەن مەلىكشاھ ھەتتا ساۋاتسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ جىيەن ئوغلى سانجار سۇلتانمۇ بۇ جەھەتتە ئۇلاردىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. شۇڭلاشقا، سالجۇقىيلار باشقا مىللەتلەردىن پايدىلانماي ئامال يوق ئىدى. بۇ ھال، تاجىكلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئەربابلارنىڭ سالجۇقىيلار خانلىقى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا زور رول ئوينىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خوراسانلىق ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبن ئەلى ئىبن ئىسھاق مانا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكەن سالجۇقىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئالىپ ئارسلان، مەلىكشاھنىڭ قول ئاستىدا 30 يىل ( 1063 — 1092 - يىللىغىچە ) ۋەزىر بولدى. ئۇ خانلىقنىڭ ئوردىلىرىدا، بولۇپمۇ مەلىكشاھنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، «نىزامىئۇلمۈلۈك» ( دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر ) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

سالجۇقىيلار دۆلىتىدە ئۇلۇغ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بىجىرگۈچى نىزامىئۇلمۈلۈك ( 1019 ــ 1092 ) بىلىملىك ئۆلىما ، دانىشمەن ۋە تەدبىرلىك كىشى بولۇپ ، پەن ـ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سالجۇقىيلار خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، مەمۇرىي جەھەتتىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى . بىراق ، تۆرىلەر ئاپپاراتى ئورنىتىلمىسا ، ساۋاتلىق كىشىلەر بولمىسا ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، نىزامىئۇلمۈلۈك ئالىي مەكتەپ ، مەدرىسە قۇرۇشنى ئاكتىپ قوللىدى . بۇ مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن « نىزامىيە » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ ، نۇرغۇن شەھەرلەردە تەسىس قىلىندى . نىزامىئۇلمۈلۈكنىڭ باغداتتا تەشكىل قىلغان ئالىي ئوقۇش يۇرتى « نىزامىيە » مەدرىسەسى پۈتكۈل شەرقتە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئىدى . « نىزامىيە » ئوقۇش يۇرتلىرى نۇرغۇنلىغان

ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتە ئىلىم - پەن چىرىغىنى يورۇتتى.

سالجۇقىيلار دەۋرىدە خەلقنى تىنچ، خاتىرجەم ياشىدى، دېگىلى بولمايتتى. سالجۇقىيلار گاھ شەرققە، گاھ غەربكە يۈرۈش قىلىپ تۇرغانلىقتىن، جەمئىيەتتە تىنچسىزلىق ئامىللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ ئۇزاق يىللارغىچە گاھى پەسىيىپ، گاھى كۈچىيىپ تۇردى. مەملىكەت ئىچىدىمۇ ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ كۈرىشى داۋاملىشىپ تۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ دەۋردە ئىراندا ئىسلام دىنىدىكىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك ئېقىملار كۈرىشىدىن تاشقىرى، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. شىئەلەر، سۈننىلەر، شۇنداقلا سوپىزم تەلىماتى تەرەپدارلىرى ئۆز غايىلىرىنى تەرغىب قىلىشتا ھەر دائىم قارشى مەزھەپتىكىلەر بىلەن كەسكىن تەنقىد، ئۆتكۈر

مۇنازىرە، قاتتىق تىل ھۇجۇملىرىنى ئىلىپ بارغاندىن سىرت، بەزىدە قورالLIق توقۇنۇش دەرىجىسىگىمۇ يېتىپ باراتتى. ئەمما، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۆرەش جەمئىيەتتە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان نورمال كۆرەش بولغانلىقتىن، ئانچە ئېغىر ئىپادىلەنمەيتتى. ئومۇمي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىراندا ئەسلىي دىن تەرىقەتچىلىكى، مۇتەئەسسىپلىك ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، ھەرقانداق يول بىلەن ئىسلام دىنىغا قارشى سۆز - ھەرىكەتلەردە مەيدانغا چىقىش قەتئىي مۇمكىن بولمايتتى. لېكىن، بىر تەرەپتىن سالجۇقىيلارنىڭ زۇلمى، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك فېئوداللار ۋە دىنىي مەزھەپچىلەرنىڭ ئېزىش، قان تۆكۈشلىرىگە قارشى تەرغىباتلار يەنىلا بار ئىدى. نادانلىق، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خۇراپاتلىقلار ئەزگۈچىلەرنىڭ زۇلۇم سىلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. بولۇپمۇ جاھىل، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنىڭ خەلقنى ئالداپ، بوزەك قىلىشلىرى

ھەددىدىن ئاشقان، بۇ خىل رەزىللىكلەرگە خەلقنىڭ تاقەت قىلىپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق دەۋردە ياشىغان ئىسلام ئۆلىماسى ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل كۆرەش، زىددىيەتلەر، تۈرلۈك يۈنىلىشلەر ۋە ئېقىملار تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرمەكچى بولدى.

## ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ شەكىل ۋە تىل ئالاھىدىلىكى

ئۆمەر ھەييام ياشىغان دەۋردىكى شېئىرىيەتتە رۇبائىيچىلىق ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، بۇ دەۋرگە تەۋە پارس - تاجىك ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن بىرقانچە ئون رۇبائىي ئۇچراتماي قالمايمىز. ئۆمەرھەييامۇ پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق

قىلغان ئاساستا، ئۆز رۇبائىيلىرىنى پارس - تاجىك ئەدەبىيياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە قەدىمىي فورمىلىرى بىلەن فورمىلىغان، ھەتتا بۇ ژانىرنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن كامالەتكە يەتكۈزگەن.

ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى سۆز ئاز، مەزمۇن چوڭقۇر بولۇشتەك كىشىنى قايىل قىلارلىق يۈكسەك ماھارەت پارس - تاجىك كلاسسىكلىرىنىڭ رۇبائىيلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باھا بېرىشكە توغرا كەلسە، يۈكسەكلىك، تېرەنلىك دېگەن ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ئاددىي - ساددا كۆرۈنسىمۇ، ئەمما يارقىن ئوبراز، ئوخشىتىش، مەسخىرە، كىنايىلەر ياردىمى بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىككە ۋە مەنتىقىي مەزمۇن تېرەنلىكىگە ئېرىشكەن. تۆت مىسرا ئىچىگە يېغى ۋە ئۆتكۈر پىكىرلەرنى سىغدۇرۇش، ئوخشىتىشلاردىن تەبىئىي پايدىلىنىش، يېنىك تىل ئىشلىتىش؛ تۇراق، رىتىم، قاپىيىلەرنى دەل جايىدا

كـەلـتۈرۈپ ، راۋان ۋە ئاھاڭدار قىلىش — ھەييامغا خاس بىر خىل بەدىئىي ماھارەت بولۇپ ، بۇ ماھارەت ئۇنـى پـارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا داھىيانە ئورۇنغا ئىـگـە قىـلغان . ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى تۆرلۈك غايە ـ پىـكـىـرلەرنى بايان قىلىدۇ ، شۇنداقلا بىر ـ بىرىگە ئاھاڭ بېـغـىـشلايدۇ . ئۇلار ۋەزنىنىڭ ساددىلىقى ۋە ئاھاڭـدارلـىـقـى جەھەتتىن خەلق قوشاقلىرىغا خېلى يېـقىن كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئوقۇغان كىشىنى چـارچـاتـمـاسـتـىـن ، تېـز يـادلـىـنـىـپ قـالـىـدۇ . رۇبـائـىـيلاردىـكـى ھەربـىـر ئوبراز ۋە ھەربىر بەدىئىي ۋاسـىـتـە ئۆز ئالدىغا قويۇلغان پىكىرنى تولاراق ھەر جەھەتتىن ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ .

ئۆمـەر ھەيـيـام تـەبـىـئـەتـنـى شـائىرانە ھېس قـىـلـىـپ ، ئاجـايـىـپ پـاراللېلىزم ① لەرنى ياراتقان بـولـۇپ ، « تـاڭ پـەيـتـى بولۇپتۇ گۈلـنىڭ باغـرى

① پاراللېلىزم — ئىككى ھادىسىنى يانمۇيان قويۇپ تەسـۋىـرلـەش ئارقـىـلىق ، ئۇلارنـى بىر ـ بىرىگە قىياس قىلىش ، قارىمۇقارشى قويۇش ئۇسۇلى .

چاك » ، « چىمەننىڭ يۈزىگە يامغۇر تۆكتى ياش » ، « گۈل كۈلۈپ قارىسا ، جامدا مەي ياقۇت » ، « گۈل دېدى : 〈 مەن يۈسۈپ گۈزەل چىمەندە 〉 » مىسرالىرى بىلەن باشلانغان ۋە باشقا بىر قاتار رۇبائىيلىرىدا شائىر تەرىپىدىن ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغان قەبرىستان ، كۆكلەم جاي ، بۇلبۇل نالىسى ، ساز ئاۋازى ، گۈل ھىدى ۋە باشقا ئاجايىپ كارتىنىلار كىشى قەلبىنى يورۇتۇپ ، جۇشقۇن ھاياتقا چاقىرىدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا تىل ئىشلىتىشتە مۇنداق ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ :

1 . ئۆمەر ھەييام ئەرەب تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدەك بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەرەب تىلىدا بىرقانچە ئەسەر يازغان بولسىمۇ ، ئۇ رۇبائىيلىرىدا ئەرەب تىلىنى ناھايىتى كەم ئىشلەتكەن . ھەرقايسى تىللارنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىپ ، تىلنىڭ ئىستېمال كۈچىنى ئاشۇرغان .

2 . خەلق ئارىسىدىن تېرىۋالغان ساددا ، مەنىدار سۆزلەر كەم ئورۇنلارغىلا ئىشلىتىلگەندىن باشقا ، بىر قاتار رۇبائىيلارنىڭ خۇلاسىسى خەلق ماقالىلىرى بىلەن بېرىلگەن . مەسىلەن ، « ناغرا تىۋىشىنىڭ ئۇزاقى ياخشى » ، « ھەر نەرسە دوستۇڭدىن كەلسە ياخشىدۇر » قاتارلىق .

3 . ھەييام جاھىل ، مۇتەئەسسىپ موللا - ئۆلىمالارنى پاش قىلغۇچى رۇبائىيلىرىدا ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ ، « خۇدا مېھرىبان » ، « ئاللاھ — كېرىم » ، « ئى خۇدا ، بەندەڭگە رەھىم قىل » قاتارلىق « قۇرئان كەرىم » ۋە ھەدىستىن كەلتۈرۈلگەن ستاتالەردىن ماھىرانە پايدىلانغان . مەسىلەن :

93 . چالا مەست يول ئالدىم مەيخانا تامان ،
مەست بوۋاي مەي كۆزلەپ مېڭىپتۇ ئاران .
دېدىم : ئۇيالمايسەن خۇدادىن نىچۈن ؟
ئۇ دېدى : « ئىچىۋەر ، خۇدا مېھرىبان » .

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا بىر ماۋزۇغا بىرنەچچە رۇبائىي ھەر جەھەتتىن ياندىشىپ، ئۇنى يېڭى - يېڭى ئوبرازلاردا ئېچىپ بېرىش ھاللىرىنى؛ يەنە بىر قاپىيىدە بىرنەچچە، ھەتتا ئوخشاش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى قاپىيلەش قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنى ۋارىيانت دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتۈنلەي يېڭى ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن رۇبائىيلاردۇر. تەكرار قاپىيلەرگە كەلگەندە بولسا، ئۆمەر ھەييام ئۈچۈن ئاساسىي ئورۇندا شەكىل ئەمەس، مەزمۇن تۇرىدۇ. ھېچقاچان مەزمۇننى شەكىلگە قۇربان قىلمايدۇ. ئەگەر كېرەكلىك شەكىل شائىر ئېھتىياجى بولغان مەزمۇننى يورۇتۇپ بېرەلىسە، ئۇ بۇنداق شەكىلنى قايتىلاشتىن زادىلا ئەنسىرىمەيدۇ. ئومۇمەن، بۇ ھاللار ھەييام رۇبائىيلىرىغا خاس راۋانلىق ۋە ئاھاڭدارلىققا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

## ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تېماتىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىرقانچە تۈرلەرگە ئاجرىتىش مۇمكىن.

ئالدى بىلەن، ئۆمەر ھەييام تەبىئەتشۇناس ئالىم، ئاسترونوم. ئۇ دۇنيانى بىلىشكە، ئۇنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشكە ھەرىكەت قىلغان. كۆزىتىش، سىناش ئارقىلىق، بۇ دۇنيادا قانداق ياشاش كېرەك، ئادەمزات قەيەردىن كەلگەن، قەيەرگە كېتىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە كىشىلىك تەپەككۇرىنىڭ پۈتكۈل بىر دەۋرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆمەر ھەييام مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇ دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇنىڭدا

ئادەملەرنىڭ ئورنى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ئۆتكۈر ئەقىل ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە بىلەن ئادەمنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئالىي ۋۇجۇد ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن . ئادەمنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئۇ :

1 . دۇنيانىڭ تىلىكى — مېۋىسىدۇرمىز ،
ئەقىل كۆز قارىسى — جەۋھىرىدۇرمىز .
يۇملاق جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك ،
شەكسىز شۇ ئۈزۈكنىڭ گۆھىرىدۇرمىز .

دېگەن يەكۈننى چىقارغان . ئۇ يەنە جاھاننىڭ مەنبەسى ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسى ھېسابلانغان ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان . دۇنيانىڭ ناباب تۈزۈلگەنلىكىگە ، ئۇنىڭ نۇقسانلىقلىقىغا دىققەت قىلغان ، ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى مەنتىقسىزلىكلەرنى كۆرگەن ۋە بۇنداق « پەلەك »نى بەربات قىلىپ ، قايتىدىن تۈزۈشكە چاقىرغان . مەسىلەن :

23 . پەلەككە تەگرىدەك بولسام ھۆكۈمران ،
قىلاتتىم پەلەكنى چىقىپ مەن گۇمران.
يېگىدىن شۇنداق بىر دۇنيا تۈزەتتىم ،
ياخشىلار تىلەككە يېتەتتى شۇئان .

40 . ئەي پەلەك ، ناكەسكە بەردىڭ ئاش ۋە نان ،
يەر - زېمىن،تۈگمەن،ھەممۇنچا ئۆي - ماكان.
ئەڭ ھالال كىشىلەر بۇردا نانغا زار ،
ئەخلەتكە ئەرزىمەس بۇنىڭدەك دەۋران .

دەپ ، ئىنسانىيەت مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقان پەلەكنىڭ كىشى ئېگىدىكىدەك ئادىل ئەمەسلىكىنى ، دۇنيادا زالىملىقنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، ياخشىلار ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئاچ - زار ، يېلىڭ - يالىڭاچ قالىمۇ ، پەلەكنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدەك ئادالەتسىز دەۋرنى پاچاقلاپ تاشلاپ ، ئېزىش - ئېزىلىشتىن خالىي بولغان ، ئادىل بىر دەۋران قۇرۇشقا چاقىرىق

قىلىپ، بۇنىڭدەك ئادالەتنى يارىتىش پەلەكنىڭ
قولىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئادالەتسىزلىككە
ئۇچرىغۇچىلار ئۆزلىرى يارىتىدۇ دەپ،
جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىكتىن پىغان چەككەن.
ئەمما ئىسيانكار شائىر قەلبى دۇنيانى قايتا قۇرۇش ۋە
ناھەقچىلىك، زۇلۇمغا بەرھەم بېرىش يوللىرىنى
تاپالمىغان. ئۇ:

44. گۇل كۈلۈپ قارىسا، جامدا مەي ياقۇت،
بۇلبۇلمۇ مەست بولۇپ قىلمىدى سۈكۈت.
شۇئىرلاپ ئېيتتى ئۇ يۈرەك سۆزىنى:
«ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتەر، پۇرسەتنى چىڭ تۇت».

دەپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكە چاقىرغان،
ئۆمۈرنى «بىرنەچچە كۈنلۈك ئامانەت، ئۇنىڭدىن
ئېلىشىڭچە ئېلىپ قال. قايغۇ ـ ئەلەملەر ياكى شاد ـ
خۇراملىقلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆتكۈنچىدۇر.
ئۆمۈرنى غەم بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، غەم بىلەن؛

خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزسەك ، خۇشاللىق بىلەن ئۆتىدۇ » دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن . تەبىئىي پەنلەردە ، يەنى ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىق پەنلەردە ئايرىم ، ئاجايىپ كەشپىياتلار قىلىپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ئالىم ئۆز ھاياتىدا كۆپ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگە ئۇچراپ ، ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولالمىغانلىقتىن :

150 . رىزقىڭنى ئوشۇق ، يا كەم قىلىپ بولماس ،
ئاز - كۆپ دەپ، كۆڭۈلدە غەم قىلىپ بولماس.
بۇ ئىشلار سەن - بىزنىڭ قولىمىزدىكى
موم ئەمەس ، ئۆزگەرتىپ ، يا ئېزىپ بولماس .

دەپ ، قۇدرەت قەلىمى بىلەن يېزىلغان تەقدىرگە تەن بېرىشنى تىلغا ئالغان . ھالبۇكى ، تەقدىرگە تەن بېرىش شائىرنىڭ پەلسەپىسى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ پاجىئەسى ئىدى .

ھەييام رۇبائىيلىرىدا تەرغىب قىلىنغان

غايىلەرنىڭ بىر قىسمى تەقدىر چىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ ھەربىر مىسرا، ھەربىر جۈملىلىرىدە ئەمەلىي ھەقىقەت، يارقىن ماتېرىيالىستىك مەزمۇنلار كۈچلۈك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەييام ماتېرىيالىزمى ئالدى بىلەن ماددىنىڭ يوقالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىر شەكىلدىن ئىككىنچى بىر شەكىلگە ئۆتۈپ يۈرۈشى، ئادەم ۋاپات بولغاندا ئاشۇ ماددىي دۇنياغا قوشۇلۇپ كېتىشى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئۇ كوزا ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ مەنىدە شەرھلەپ، ھايات بىلەن تەبىئەت ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان چېگرا يوق، ئوبيېكتىپ دۇنيا كىشى ئېڭىدىن تاشقىرى مەۋجۇت، ئۇ ئەبەدىي، ماددا بىر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر ھالەتكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

27. بىزلەر بولمىساقمۇ جاھان بولىدۇ،
بىزلەردىن نە نامۇنىشان بولىدۇ.

بۇرۇن بىز يوق چاغدا يەتمىگەن زەرەر ،
يەنە بولمساقمۇ هامان بولىدۇ .

19 . بۇ كوزا مېنىڭدەك ئاشىق ـ زار ئىدى ،
سۆيگىنى قارا چاچ بىر نىگار ئىدى .
كوزىنىڭ دەستىسى — سېپى بىرمەھەل
قول ئىدى ، يار سۆيۈپ بەختىيار ئىدى .

24 . كۇلال دۇكىنىغا كىردىم بىر سەپەر ،
دەستىگاھدا ئىكەن ئۇستا — كوزىگەر .
گادايىنىڭ قولىدىن ، شاھنىڭ بېشىدىن ،
كوزىنىڭ بوينى ۋە سېپىنى ئېتەر .

مانا بۇ رۇبائىيلاردا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلىنىدۇ ، ئۇنىڭدىن كوزىلار ياسىلىدۇ ، كوزا سۇنۇپ يەنە تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ . يەردە ھەر دائىم ئىنسان تېنىنىڭ زەررىچىلىرى بار ، ئۇلار يەردىن ئۈنۈپ چىققان گىياھلار ۋە زىرائەتلەرگە

سىڭىشىپ يەنە ئادەم تەنلىرىگە كىرىدۇ ، ۋەھاكازالار دېيىش ئارقىلىق ، روداكىنىڭ دۇنيا مەڭگۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ ، ماددا بىر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر ھالەتكە ئۆتۈپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ... دېگەن پەلسەپىسگە ياندىشىپ ، ئۇنىڭ : « چاڭ - توزانلار قاقاس قۇملۇقلارنى ھاسىل قىلدى ، ئەمما بۇ يەرلەر ئەسلىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىمەنزارلىقلار ئىدى . ھالبۇكى ، ھازىرقى چىمەنزارلىقلارمۇ يامغۇرغا تەشنا قۇملۇقلارغا ئايلىنىدۇ » دېگەن پەلسەپىسىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى كوزىگەر — ھەم كۇلالچى ، ھەم ياراتقۇچى ئوبرازىدۇر . شائىر ئۆز رۇبائىيلىرىدا كوزىگەر ئوبرازى ئارقىلىق دىلنى قىينىغان مەسىلىلەرگە مەنتىقىي جاۋاب ئىزدەيدۇ . ئۇ دۇنيانىڭ ناباب تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ، كوزىگەر ئۆزى ئاجايىپ كوزا ۋە كاسىلارنى ياساپ ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە چېقىپ چۇل - چۇل قىلىپ سۇندۇرۇپ ئەسلىگە

قايتۇرىدۇ . ياسىغانلىرى ياخشى بولسا ، نېمە ئۈچۈن سۇندۇرىدۇ ، ئەگەر يامان ياسالغان بولسا ، بۇ ئەيىب كىمدە ؟ ... ياكى كوزىگەردىمۇ ؟ كوزىنىڭ قانداق ياسىلىشى ياسىغۇچىغا باغلىق بولغاندىكىن ، ئۆزىگە يارىغۇدەك قىلىپ ياسىسا بولمامدۇ ؟ دەيدۇ . يەنە مەسىلەن :

7 . بارلىق ۋە يوقلۇققا قاراتقۇچى سەن ،
دۇنيادا ھەر ئىشنى تاراتقۇچى سەن .
مەن يامان بولسامۇ سېنىڭ بەندەڭمەن ،
مەن نېچۈن گۇناھكار ؟ ياراتقۇچى سەن !

12 . ئەزەلدە لېيىمنى ئەتكەندە خۇدا ،
بىلەتتى پەيلىمدىن نىم بولار پەيدا .
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم ،
نېمىشقا مەھشەردە بېرىدۇ جازا ؟

شائىر بۇ رۇبائىيلىرىدا تېخىمۇ ئېنىق ھالدا ، گۇناھ قىلغان بولسامۇ ، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن

قىلدىم ، ھەممە قۇدرەت ئۆز قولىدا تۇرۇپ ، مېنى نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلمايدىغان ، ئىتائەتمەن ياراتماپتۇ ؟ خۇدا بەندىلىرىنى ئۆزى يارىتىپ ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بېكىتكەن تۇرۇقلۇق ، «ئالالانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ » دېگەن گەپ بويىچە بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنى ، ھەربىر ھەرىكىتىمىزنى خۇدا ئۆز خاھىشى بىلەن قىلدۇرغان تۇرسا ، يەنە نېمە ئۈچۈن بىزنى گۇناھكار قىلىدۇ ؟ قايسى ئەيىبىمىز ئۈچۈن بىزنى قىيامەت كۈنى سوراق قىلىپ جازا بېرىدۇ ؟ دەيدۇ . خۇددى مۇتەپەككۇر ، ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بىر پارچە رۇبائىيسىدا :

ئۆزىنى دانا بىلگەن بۇ ئۈچ - تۆت نادان ،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلار نامايان .
ئۇلار سۆھبىتىدە سەنمۇ ئېشەك بول ،
بولمىسا ، « كاپىر » دەپ قىلىشۇر ئېلان①.

---

① « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى .

دەپ ئېيتقىنىدەك ، مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپلىرى ھەرقانداق يارقىن ۋە ئازاد پىكىر ئۈچۈن قاتتىق جازا بېرىۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر زۇلماتىدا ، ئۆمەر ھەييام جاھىل ، مۇتەئەسسىپ ئىسلام روھانىيلىرىنىڭ ئۆزىنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلىگەنلىكىگە كەسكىن رەددىيە بېرىپ يەنە مۇنداق دېگەن :

20 . يارەببىم ، لېيىمنى ئەتكەن ئۆزۈڭسەن ،
ئۇرۇش ـ ئارقىقىمنى ئەشكەن ئۆزۈڭسەن .
يامان ـ ياخشى بولسام مەندە نە ئىلاج ؟
تەقدىر ـ پېشانەمنى بەرگەن ئۆزۈڭسەن .

18 . ئاقىل دەپ مېنى ھەم ئازغاشتى دۇشمەن ،
خۇداغا ئېنىقكى ، ئۇنداق ئەمەسمەن .
ھەتتا شۇ قايغۇلار ئۆيىگە كەلسەم ،
ئۆزۈمگە مۆلچەردىن شۇنچىلىك كەممەن .

ئېنىقكى ، ئۆمەر ھەييام مۇسۇلمانچىلىق ئەقىدىلىرىگە خىلاپ بولغان ناھەقچىلىك ،

ئويدۇرمىچىلىق قىلمىشلىرىغا قارشى چىققۇچىدۇر ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەغرۇرلۇق ، ئەركىن پىكىرلىك ، ھاياتنىڭ ھەربىر كۈننى ئىبھتىيات ۋە شادلىق بىلەن كۆتۈپ ئېلىش مەزمۇنلىرى خېلى كۈچلۈك . ئۇ كىشىلىك شەخسىيىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى كۈيلىگەن ، ئىنسانىنىڭ مەغرۇر روھىنى قۇل قىلغان زۇلۇم بىلەن ناھەقچىلىكنى ئەيىبلىگەن ؛ ئىككى يۈزلىمچى ، كۆز بويامچى مۇپتى ، موللا ، شەيخ ۋە ئىشانلارنىڭ ھىيلىلىرىنى ئۆتكۈر مىسرالار بىلەن پاش قىلغان . مەسلەن :

26 . ئەي مۇپتى ، سەندىن بىز ئىشچانراقتۇرمىز ،
قارا مەست بولساقمۇ ھوشىيارراقتۇرمىز .
بىز تەك قېنى ئىچىمىز ، سەن ئادەم قېنى ،
ئىنساپ قىل ، قايسىمىز قانخورراقتۇرمىز .

39 . شەيخ دېدى پاھىشەگە : « نېمە بۇ ئىشىڭ ،
مەي ئىچىپ قولمۇقول قونۇپ يۈرۈشىڭ؟»

ئۇ دېدى : «مەن شۇنداق ، ئەمما سەن ئېيتچۇ ،
سېنىڭ سىرت شەكلىڭدەك پاكمۇ قىلمىشىڭ؟»

ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ، ئەمما مۇسۇلمانچىلىق ئەقىدىلىرىگە خىلاپ بولغان ناھەقچىلىكلەر تۈپەيلىدىن قارشى پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە مۇتەئەسسىپ ئىسلام پەتىۋاچىلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ ئەجەللىك يېرىگە ئوق ئاتقان . مەسىلەن :

94 . مەن مەستلىك قىلمايمەن ، قانچىلىك ئىچسەم ،
قەدەھگە ئۇنچىمۇ يېپىشمايمەن ھەم .
شاراب ئىچمەكلىكتىن مەقسىتىم شۇكى ،
سەندەك گىدىيىشكە بېرىشتۇر بەرھەم .

90 . مەي تولغان بۇ كوزا بىر ياقۇت كاندۇر ،
قەدەھى بەدەندۇر ، شارابى جاندۇر .

پارقىراق بۇ قەدەھ مەي بىلەن خۇشال ،
كۆز يېشى ، دىل قېنى ئۇندا پىنھاندۇر .

56 . بىر قولدا قۇرئان بار ، يەنە بىردە جام ،
بەزىدە ھالالمىز ، بەزىدە ھارام .
كۆك گۈمبەز تېگىدە ياشاپ ھەممىمىز ،
ئەمەس نە مۇسۇلمان ، نە كاپىر تامام .

ئەينى دەۋردە يېتىلگەن ئىسلام ئۆلىماسى ئۆمەر ھەييام ئەزەلدىن مەي ـ شاراب ئىچىپ باقمىغان ، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىكى « مەي » — خەلقنىڭ كۆز ياشلىرى ، « جەننەت » — راھەت ـ پاراغەتنىڭ كەڭ مەنىدىكى ئوبرازىدۇر . ئۆمەر ھەييام جەننەتنىڭ خوۋلۇقىنى تاپىمەن دەپ ، ھاياتىنى خار ـ زارلىقنىڭ قۇربانى قىلمايدىغانلىقىنى ئۆز رۇبائىيلىرىدا تەكرار ئىپادىلىگەن ؛ مۇشۇ ئالەمدىكى بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان . ئۇ ئىنساننىڭ

ئارزۇسىدىكى راھەت - پاراغەتلەرنىڭ مۇشۇ تەگسىز دۇنيادا پەقەت مۇمكىن بولمايدىغان، مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى، شۇڭا غايىۋى ھۆر، كەۋسەر، سۈت - شېكەر ئۈچۈن ئاچ - زېرىن يۈرۈپ، ئازاب چەكمەي، نەق بىلەن ھېسابلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆز رۇبائىيلىرىدا ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.

92 . باھار چىمەنىدە گۈزەل پەرىزات،
بىر قەدەھ مەي بېرىپ مېنى قىلسا شاد.
كىشلەر ئالدىدا ئېيتىشقا ئاجىز،
ئىت بولاي، جەننەتنى قىلسام ئەگەر ياد.

ئۆمەر ھەييام ئىجادىيەت ھاياتىدا يەر قاتلاملىرىدىن ئاسمان جىسىملىرىغىچە كۆپ تەرەپلىمە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، كائىنات سىرلىرىنى ئېچىشقا تىرىشقان. گەرچە ئۇ نۇرغۇن مۇشكۈل مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقان بولسىمۇ، يەنە

بەزى سىرلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىنى خۇلاسىلەپ ، كائىنات ( جۇملىدىن ئەجەل )نىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن . مەسىلەن :

107 . قارا يەر قەرىدىن تا يۇلتۇز — زۇھەل ،
كائىنات سىرىنى تامام قىلدىم ھەل .
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈننى ئاچتىم ، يەشتىم ،
يېشىلمەي قالغىنى بىر غىنا ئەجەل .

ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپۋى پىكىرلىرى ئۆزىدىن كېيىنكى كۆپلىگەن شائىرلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن . جالالىدىن رۇمى ، مۇسلىھىددىن سەئدى ، ھاپىز شىرازى ... قاتارلىق بۈيۈك سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ھەييام پەلسەپىسىنىڭ تەسىرلىرىنى ئېنىق سېزىش مۇمكىن . ھاپىز شىرازى بىر قاتار غەزەللىرىدە ھەييامنىڭ

پىكىرلىرىنى پەردە ئىچىگە ئېلىپ، ياكى كىنايە، ئوخشىتىشلار بىلەن بايان قىلغان. مەسىلەن:

پەلەكتىن مەن تۆۋەنلىك مىننەتىنى ھېچ
كۆتۈرمەسمەن،
ئەگەر رايىم بىلەن يۈرەلىسەم بەربات ئەتكەيمەن.
كەل ئەمدى گۈل چېچىپ ھەريان، قەدەھ قولدا
ئولتۇرغايمىز،
بېزەپ چەرخ ئەسكى تېمىنى، يېڭى تارىخ بىرلە
تۈزگەيمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەلىشىر نەۋائى، زوھۇرىدىن بابۇر قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ زەبەردەست نامايەندىلىرى ئىجادىيەتلىرىدىمۇ ئۆمەر ھەييامنىڭكىگە ئوخشاش ئېيتىلغان ياكى مەزمۇنى يېقىن كېلىدىغان رۇبائىي ۋە بېيىتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ

كېلىۋاتقان ئەدەبىي ھەمكارلىقنى كۈرسەتكۈچى يارقىن مىساللاردۇر.

## ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تارقىلىشى

ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى نادىر شېئىرىي ئەسەرلىرى — رۇبائىياتى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىز شائىرى ئېدۋارد فىستجىرالد ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى مۇجمەل بولۇپ، ئېنىق ۋە ئەينەن ئەمەس، ھەتتا تەلەپتىن خېلىلا يىراق بولسىمۇ، ياۋروپادا كاتتا شۆھرەت قازاندى. بۇ تەرجىمىلەر XIX ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا 25 قېتىم بېسىلىپ چىقتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ھەييام رۇبائىيلىرىنى نەشر قىلىش يىلدىن - يىلغا ئېشىپ

باردى . ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلدى . بۇلار ئارىسىدا رۇس شەرقشۇناسى ۋ . ژوكوۋسكىينىڭ 1897 ـ يىلدا بېسىلغان « ئۆمەر ھەييام ۋە كۆچمە رۇبائىيلار »ناملىق ئەسىرى زور ئەھمىيەتكە ئىگە . ژوكوۋسكىي بۇ ئەسىرىدە ، كونا قوليازمىلاردا « ئۆمەر ھەييامغا تەئەللۇق » دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان ، سانى 100 ــــ 1000 غىچە بولغان رۇبائىيلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رۇبائىيلاردا ئالغا سۈرۈلگەن خىلمۇخىل غايىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ، « ھەممە رۇبائىيلار ئۆمەر ھەييامنىڭلا ئەمەس » دېگەن كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىران ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن دوكتور قاسىم غېنى ، مۇھەممەت ئەلى فۇرۇغى قاتارلىقلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆزىگە تەۋە رۇبائىيلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ، كۆپ مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش

ئارقىلىق ، ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆز رۇبائىيلىرىنى ئىنقلاپ چىقىشتا كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئىنگلىز ئالىمى ئارتۇر ئاربېررى ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەڭ قەدىمى قولىيازمىسىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدى . بۇ قولىيازما ھىجرىيىنىڭ 604 ـ يىلى ( مىلادىيە 1207 ـ يىلى ) يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا 252 پارچە رۇبائىي بار . باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققاندا ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ سانى 300 دىن ئارتۇقراق بولسا كېرەك ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن . ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى دۇنيانىڭ ھەممە ئاساسىي تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ، ئىنگلىز ، نېمىس ، فرانسۇز ، ئەرەب ، رۇس ۋە باشقا تىللاردا ھەر يىلى بىرنەچچە نۆۋەت يېڭى - يېڭى تەرجىمىلىرى بېسىلىپ كەلدى . رۇس تىلىدا بىرنەچچە ۋارىيانتتىكى تەرجىمىلىرى بار . دۆلىتىمىزدىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدىن باشقا ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان

ۋارىيانتلار بار. ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيسى دەپ گۇمانسىز قارىلىپ كېلىۋاتقىنى ئىنگلىز ئالىمى ئارتۇر ئاربېررى قولغا چۈشۈرگەن، مىلادىيە 1207 ـ يىلىغا تەئەللۇق بولغان، 1955 ـ يىلى ستالىن ئاباتتا قايتا نەشر قىلىنغان ئەڭ قەدىمىي قولىيازما نۇسخا بىلەن ئىران ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن دوكتور قاسىم غېنى ۋە مۇھەممەت ئەلى فۇرۇغى تەكرار ئېنىقلاشتىن كېيىن نەشرگە تەييارلاپ، 1943 ـ يىلى تېھراندا نەشر قىلدۇرغان رۇبائىيلاردۇر. بۇ 200 پارچە رۇبائىي 1958 ـ يىلى تاشكەنتتە ئۆزبېكچە ـ پارسچە نەشر قىلىنغان. ئەپسۇسكى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارقىلىشى خېلى بالدۇر بولغاچقا، تارىختىن قېپقالغان ئارىلىشىپ قېلىش ئەھۋالى تاكى ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن، ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا شېئىرلىرى ۋە ‹تېببىي داستان›» ناملىق كىتابتىن يولداش ماخمۇت مۇھەممەت ئۇيغۇرچە ئۆزلەشتۈرۈپ

تەييارلاپ ، « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان « ئىبن سىنا رۇبائىي ۋە قىتئەلىرىدىن » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى رۇبائىيلار قىسمىنىڭ يەتتىنچىسىدە كۆرسىتىلگەن :

قارا يەر قەرىدىن تا ئەۋجى زۇھەل ،
كائىنات مۇشكۇلىن تامام قىلدىم ھەل .
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈننى ئاچتىم ، يەشتىم ،
يېشىلمەي قالغىنى بىر غىنا ئەجەل .

دېگەن رۇبائىي بۇ كىتابقا « ئۆمەر ھەييامنىڭ » دەپ بېكىتىپ كىرگۈزۈلگەن 107 ـ رۇبائىينىڭ ئۆزى شۇ . مۇنداق ئەھۋاللار باشقا يازما مەنبەلەردىمۇ ئۇچرايدۇ . قىسقىسى ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ ، سانى تۇراقسىز ، ۋارىيانتلىرى كۆپ بولۇپ ، يەنىلا ئىزدىنىش ئۈستىدىدۇر .

مۇھەممەت ئوسمان ـــ ئاۋات
1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

بۇ كىتاب ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 - يىلى ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان تاشكەنت نەشرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ نەشرگە تەييارلاندى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى ئوبزور بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىندى .

本书根据乌兹别克斯坦国家文艺出版社1958年塔什干乌兹别克语版本整理出版。本书附有探讨作者创作活动和柔巴依作品的一篇论文。

مەسئۇل مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى : قەمبەرگۈل ئوسمان
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : ئارزۇگۈل سىدىق

# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مم ، 1 / 64
باسما تاۋىقى : 2.4375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 7 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 6190 ــــ 3110

ISBN 978—7—5373—0793—2
باھاسى : 6.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

ئۆمەر خەييام رۇبائىيلىرى

ISBN 978-7-5373-0793-2

ISBN978-7-5373-0793-2

（民文）定价：6.00 元